# ئىزدىنىش

(تاللانما)

3 1997

# ئىزدىنىش

(تاللانما) 1997-يىل 3-سان

(ئومۇمىي 105-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1997-يىللىق 1-، 2-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە


دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بويىچە مەملىكەتلىك 3-قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ...................... دېڭ گۈەنگېن(2)

باش ماقالە: شائىلىق 1997-يىلنى كۈتۈۋالايلى .......................................... (13)

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ھەققىدە
—ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇش بىلەن خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش توغرىسىدا مۇلاھىزە ...................................... زۇڭ خەن(22)

مەدەنىيەت يەتقىقاتىدا ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈنۈۋاتقان بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە مۇلاھىزە .......................................... شياۋ يۈي(38)


★3-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىققى★

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)


---

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بويىچە مەملىكەتلىك 3-قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(1996-يىل 12-ئاينىڭ 19-كۈنى)

**دىڭ گۇەنگېن**

14-قۇرۇلتايدىن بۇيان، بىز ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بويىچە ئۈچ قېتىملىق مەملىكەتلىك مۇھاكىمە يىغىنى چاقىردۇق. 1-قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى 1993-يىلى شاڭخەيدە چاقىرىلدى، يىغىندا 14-قۇرۇلتاينىڭ روھى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشنىڭ زور ئەھمىيىتى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىندى، بۇ نەزەرىيىنى ياخشى ئۆگىنىشتە ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەر ئىگىلەش، روھىي ماھىيىتىنى چۈشىنىش، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مۇھىم نۇقتا قىلىپ بەلگىلەندى، كەڭ نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىش، تەشۋىق قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم مەسئۇلىيىتى تەكىتلەندى. 2-قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنى 1994-يىلى بېيجىڭدا چاقىرىلدى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىشنى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن، يىغىندا «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئەستايىدىل ئۆگىنىلىپ، ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدىكى بەزى مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىندى. بۇ يىلقى مۇھاكىمە يىغىنىدا 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنى، 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى نۇقتىلىق ئۆگىنىلدى ۋە مۇھاكىمە قىلىندى. ئۈچ قېتىملىق مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى بىلەن، بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان تونۇشىمىز تېخىمۇ سىستېمىلاشتى، تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى، بۇ نەزەرىيە بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش خىزمىتىدىكى ئاڭلىقلىقىمىز ۋە قەتئىيلىكىمىز تېخىمۇ ئاشتى، بۇ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتتە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ كۈچلۈك ئاساسقا قويۇلدى.

## (1)

بىز ئەمەلىيەت داۋامىدا شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، ماركسىزم ئىشلىرىمىزنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنىڭ مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ماركسىزم دەۋر بىلەن بىللە ئالغا باسىدۇ ھەمدە دەۋرنىڭ ئالغا بېسىشىغا يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 18 يىلدا، دۆلىتىمىز ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، 80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ باشلىرىدا خەلقئارا ۋەزىيەتتە بولغان چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ قاتتىق سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككۈدەك تارىخىي چوڭ بۇرۇلۇشنى ۋە ئىشلىرىمىزدىكى زور تەرەققىياتلارنى ئىشقا ئاشۇردى. بۇ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىدىكى تۈپ سەۋەب پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزىمدا چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تارىخىي تەجرىبىلەر ۋە يېڭى تەجرىبە-لەرنى يەكۈنلەپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكى ھەم بۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى-نى بەلگىلەپ چىققانلىقىدا.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ياراتقۇچىسى. قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ تارىخىي مۇساپىسىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ھەر بىر ھالقىلىق پەيتتە، ھەر بىر مۇھىم مەسىلىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى يولىنى ئاچىدىغان غايەت زور سىياسىي جاسارەت ۋە ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچىدىغان غايەت زور نەزەرىيىۋى جاسارەت بىلەن، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگەللەپ، بىزگە يۆنىلىشنى بەلگىلەپ بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش ئىشى ”ئىككى ئومۇمەن“نىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان چاغدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان چوڭ مۇھاكىمىگە رەھبەرلىك قىلدى ۋە ئۇنى قوللىدى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى يېڭىباشتىن تۇرغۇزدى.

پۈتۈن پارتىيە قانداق قىلىپ ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ خاتالىقىنىڭ تەسىرىنى يېڭىش، قانداق قىلىپ ۋەزىيەتنى بۇراپ، يېڭىباشتىن غەيرەتكە كېلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ

ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش لازىملىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا "سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش"تىن ئىبارەت خاتا فاڭجېن قەتئىي چۆرۈپ تاشلىنىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بۇراش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزم ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى دەۋرى ئېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خاتا ئىدىيە ئېقىمىنىڭ كاشىلىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ، بايرىقى روشەن ھالدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش لازىملىقى تەكىتلەندى. شۇنداق قىلىپ، يېڭى دەۋر باشلىنىشى بىلەنلا "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا" ئىدىيىسى شەكىللىنىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە ئۇل سېلىندى.

ئىدىيىۋى لۇشيەن ۋە سىياسىي لۇشيەن تۈزەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، توغرا تەشكىلىي لۇشيەن ئارقىلىق توغرا ئىدىيىۋى لۇشيەن ۋە سىياسىي لۇشيەننىڭ ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىملىقىنى، كادىرلار قوشۇنىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىملىلاشتۇرۇش، ئىختىساسلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى پەيدىنپەي تەڭشەپ ۋە تولۇقلاپ، يېڭى-كونا كادىرلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ۋە ئالمىشىشىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىش كېرەكلىكىنى، زىيالىيلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، زىيالىيلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

تارىختىكى چوڭ-چوڭ ھەق-ناھەق مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ئېنىقلاش، پۈتۈن پارتىيىنى ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە يېتەكلەشنىڭ مۇھىم پەيتىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزنىڭ بىر قاتار تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاپ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغاشقا پايدىلىق بولغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلدى. «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»نى بېكىتىشكە رىياسەتچىلىك قىلىپ، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" ۋە "پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئاستىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى"نى تۈپتىن ئىنكار قىلىپ، يولداش ماۋ زېدوڭ ۋە ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىدىغان خاتا ئىدىيىۋى ئېقىمنى قەتئىي توسۇپ، يولداش ماۋ زېدوڭنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى قەتئىي قوغدىدى.

پۈتۈن پارتىيە مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەۋاتقان چاغدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ نېمىنىڭ سوتسىيالىزم ئىكەنلىكىنى، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش لازىملىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئەڭ مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر قىلىپ كۆرسىتىپ، جۇڭگو سوتسىيالىزمىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئۆز يولىدا مېڭىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. "ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش"تىن ئىبارەت

تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى بەلگىلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرىدىغان گۈزەل كېلەچىكىنى نامايان قىلدى. ”ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ ستراتېگىيىلىك پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋەتىنىمىز بىرلىككە كەلتۈرۈلىدىغان گۈزەل مەنزىرىنى نامايان قىلدى.

ئىسلاھات باشلىنىشتىن ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغانغىچە بولغان جەرياندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئائىلىلەرگە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى پائال قوللاپ، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى قىزغىن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ بۇ ئىككى چوڭ ئىجادىيىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلىدى. ئۇ، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ئىسلاھات جۇڭگونىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلابى ئىكەنلىكىنى، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى، پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، پەن-تېخنىكا، مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پائال قوۋۋەتلەپ، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى بىرقەدەر ئارقىدا قالغان چوڭ شەرق دۆلىتىنىڭ بېيىش ۋە گۈللىنىش يولىغا مېڭىپ، زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن بىر يېڭى يول ئېچىپ بەردى.

ئىسلاھات ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پەيتتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە رەھبەرلىك قىلدى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈردى، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون تەسىس قىلىپ، چەت ئەل مەبلىغى، تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئارقىدىنلا يەنە دېڭىز بويىدىكى ئون نەچچە شەھەرنى ئېچىۋېتىشتەك مۇھىم تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر تۈركۈم ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرىنى بەلگىلەپ، ئېچىۋېتىشنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

خىزمەت مەركىزىنى بۇراش ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى بەلگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ”ئىككى قولدا تۇتۇش“ ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر قولدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى، يەنە بىر قولدا جىنايى قىلمىشلارغا زەربە بېرىشنى تۇتۇشنى؛ بىر قولدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى، يەنە بىر قولدا دېموكراتىيە-قانۇنچىلىقنى تۇتۇشنى؛ بىر قولدا ماددىي مەدەنىيەتنى، يەنە بىر قولدا مەنىۋى مەدەنىيەتنى تۇتۇشنى تەكىتلىدى. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەش ئىكەنلىكىنى، مەنىۋى مەدەنىيەت ياخشى ئېلىپ بېرىلمىسا، ماددىي مەدەنىيەتمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى، ھەر ئىككى مەدەنىيەت ياخشى يولغا قويۇلغاندىلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇپ چىقىلغان ھېسابلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چوقۇم سىياسىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە بولۇشى لازىملىقىنى، ھەرقانداق ۋاقىتتا سىياسەتنى

تەكتلەش لازىملىقىنى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشنىمۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش لازىملىقىنى تەكتلىدى. پارتىيىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان مۇستەھكەم يادرو قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، پارتىيە ئۇستىلىنى توغرىلاپ، چىرىكلەشكەن-لەرنى جازالاش كېرەكلىكىنى تەكتلىدى.

1989-يىلى ئەتىياز ۋە ياز ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەنىڭ ئالدى-كەينىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۆتكۈرلۈك بىلەن، جۇڭگودا ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئىش—مۇقىملىق، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى؛ 10 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىك تەلىم-تەربىيە جەھەتتە كۆرۈلگەنلىكىنى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئاجىز بولۇپ، بىر قولىنىڭ چىڭراق، بىر قولىنىڭ بوشراق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، روشەن قىلىپ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، بىزنىڭ ”ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش“تىن ئىبارەت تەرەققىيات ستراتېگىيىمىزنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“نى ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، پارتىيىدىكى يولداشلار يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئىلگىرى بېكىتىلگەن ئاساسىي لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر بويىچە ئىشلىشى لازىملىقىنى تەكتلىدى.

خەلقئارا ۋەزىيەتتە جىددىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، غەرب دۆلەتلىرى دۆلىتىمىزگە قارىتا جازالاشنى يولغا قويۇۋاتقان ئېغىر سىناق ئالدىدا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن كۆزىتىش، ئالدىنقى جەبھىنى چىڭ تۇتۇش، سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇش، نوچىلىق قىلماسلىق، بىلەرمەنلىك قىلماسلىق، ئۆز ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزدىن يامانلارغا بوي بەرمەسلىك، بېسىمدىن قورقماسلىق، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، دۇنيا تېنچلىقىنى قوغداش، باش چۆكۈرۈپ بىر ئىشنى ياخشى ئىشلەش، يەنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. دەل شۇنداق بولغاچقا، دۇنيا نوپۇسىنىڭ 1/5 قىسمىنى ئىگىلىگەن سوتسىيالىستىك جۇڭگو بېسىمغا بەرداشلىق بېرىپ، جازالاشنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ، دۇنيانىڭ شەرقىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇردى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1992-يىلى جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىدە، پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ئاساسىي ئەمەلىيىتى ۋە ئاساسىي تەجرىبىسىنى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە ”ئۈچكە پايدىلىق بولۇش“ ئۆلچىمىنى مۇپەسسەل شەرھلەپ، ئىدىيىمىزنى داۋاملىق چىرماۋاتقان ۋە چۈشەپ قويۇۋاتقان نۇرغۇن تونۇش جەھەتتىكى مۇھىم مەسىلىلەرگە ئېنىق جاۋاب بەردى. ئاساسىي لۇشيەن 100 يىلغىچە دەۋر سۈرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەكتلىدى. تەرەققىيات چىڭ قائىدە ئىكەنلىكىنى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ،

ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىملىقىنى تەكىتلىدى. ئىلمىزنىڭ ئىسلاھات-ئىچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى مۇشۇ سۆھبەت ۋە 14-قۇرۇلتايىنى بەلگە قىلغان ھالدا يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويىدى.

بىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدىكى جاپا-مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشلىرىمىزنى، سوتسىيالىزم بەزى دۆلەتلەردە يولۇققان ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارنى ئويلىساق، ئۆزىمىزنىڭ 10 نەچچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلىرىگە نەزەر سالساق، شۇنى كۆرىمىزكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيىگە، دۆلەتكە ۋە خەلققە قوشقان تۆھپىسى نېمىدېگەن زور-ھە! بۇ غايەت زور تۆھپىنىڭ ئىدىيىۋى جەۋھىرى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت. يولداش جياڭ زېمىن، بۇ نەزەرىيە بىزنىڭ بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىمىز، ھەر خىل خەۋپ-خەتەرلەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىشىمىزدىكى "يۆلەنچۈك" دەپ تەكىتلىدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، دۆلىتىمىزدەك نوپۇسى كۆپ، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى بىرقەدەر ئارقىدا قالغان مۇشۇنداق بىر دۆلەتتە، مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان، كۈچلۈك رىقابەتكە ۋە كەسكىن مۇسابىقىگە تولغان مۇشۇنداق خەلقئارا مۇھىتتا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتەك مۇشۇنداق ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشتا، ئەگەر مۇشۇ "يۆلەنچۈك" بولمىسا، ئىشلىرىمىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

(2)

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچىلىك ئورنى ئېنىق بېكىتىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىلمىزنىڭ ئىسلاھات-ئىچىۋېتىش ئىشلىرىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر بولدى، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى، سىياسەت مۇقىم بولدى، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولدى، جەمئىيەت ئالغا باستى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، ئەڭ مۇھىمى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرغانلىقىدىن بولدى؛ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇپ، كادىرلارنى ۋە خەلقنى تەربىيىلەپ، بۇ نەزەرىيىنى تەدرىجىي ھالدا پۈتۈن پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ تۈپ قىبلىنامىسىگە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىگە ئايلاندۇرغانلىقىدىن بولدى؛ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈ-

رۇپ، خىزمەتلەرنى ئىجادكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، بىر قاتار توغرا ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن بولدى.

يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بېرى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نەزەرىيىدە تەۋرەنمەسلىك سىياسەتتە تەۋرەنمەسلىكنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كەلدى. پارتىيىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردىلا ماركسىزم-لېنىنىزمنى تەنتەنىلىك ھالدا ئۆز بايرىقىغا يازغانىدى، پارتىيە 7-قۇرۇلتىيى يەنە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەنتەنىلىك ھالدا ئۆز بايرىقىغا يازدى، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى يەنە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەنتەنىلىك ھالدا ئۆز بايرىقىغا يازدى. يولداش جياڭ زېمىن، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چوقۇم باشتىن ئاخىر ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ جۇڭگودىكى قوللىنىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ۋارىسى ۋە راۋاجى بولۇپ، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ راۋاجلاندۇرۇلغان ماركسىزمىدۇر. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى يىلتىزداش بولۇپ، ئۇلار بىرلىككە كەلگەن پەن سىستېمىسىدۇر. بۈگۈنكى جۇڭگودا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرغانلىق ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق ۋە ئۇنى ھەقىقىي تەرەققىي قىلدۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بېرى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۆگىنىشنى، سىياسەتنى، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەپ، كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. مەركەز بىر قاتار زور تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر قانات يېيىشىنى ئالغا سۈردى. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى ئىخلاس بىلەن تۈزۈلۈپ نەشردىن چىقتى ۋە 2-، 3-توملىرى تولۇقلىنىپ قايتا نەشر قىلىندى، مەركەز ئۆگىنىش قارارىنى چىقىرىپ، دوكلاد يىغىنى ئۆتكۈزدى، يولداش جياڭ زېمىن مۇھىم سۆز قىلدى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن، مەركەز ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلارنىڭ «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئۆگىنىش مۇھاكىمە كۇرسىنى ئارقا-ئارقىدىن ئېچىپ تۇردى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئۆگىنىش تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇردى. مەركەز «يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش تېزىسى»نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى تەتقىقات بازىسىدىن 5 نى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار بىر تۈركۈم نەزەرىيە تەتقىقات ئورگانلىرىنى كەينى-كەينىدىن قۇرۇپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش قوشۇنى شەكىللەندۈرۈلدى. پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات پىلانى تەكشىلىپ ۋە تولۇقلىنىپ،

جوڭگوچە سوتسيالىزم نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش كۈچەيتىلىپ، بىر تۈركۈم نۇقتىلىق تېمىلار بەلگىلەندى. پۇختا، ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئارقىلىق ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جوڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنى تونۇپ يەتتىكى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جوڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىر پەن سىستېمىسى بولۇش سۈپىتىدە، پارتىيىمىزنىڭ جوڭگودىكى سوتسيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە مىللىي روھقا باي؛ بۇ نەزەرىيە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ سىياسىي ئاساسى، بىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بېكىتىش ۋە يولغا قويۇشىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى.

يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بېرى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جوڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ئەترابلىق، توغرا، ئاكتىپ ھالدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، "پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش"تىن ئىبارەت ئاساسىي فاڭجېننى ئېنىق بەلگىلىدى، سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئومۇمىي خاراكتېرلىك 12 چوڭ مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر شەرھلىدى، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى زور مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلدى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى قارارنى چىقاردى، 4-ئومۇمىي يىغىنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارنى چىقاردى، 5-ئومۇمىي يىغىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئەسىر ھالقىغان ئۇلۇغ پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، 6-ئومۇمىي يىغىنى سوتسيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارنى چىقاردى. بۇ بىر قاتار ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشلار يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسيالىزم قۇرۇش قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى، رەھبەرلىكنىڭ تېخىمۇ كۈچەيگەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

ھازىر، جوڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش ئىشى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم مەزگىلدە تۇرماقتا. بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ جوڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، كادىرلارنى ۋە خەلقنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى قەتئىي بوشاشماي ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى يېتەكلەش، ئىرادىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە مەنىۋى كۈچىنى ئۇرغۇتۇشتىكى ئۇلۇغ كۈچىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

( 3 )

14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار» تۈزۈپ چىقىلدى. «قارار»دا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش، كادىرلارنى ۋە خەلقنى تەربىيىلەش لازىم. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى چىڭ ئىگىلەپ، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن بۇ تۈپ مەسىلىنى دەۋر قىلىپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بۇ نەزەرىيە ئۈستىدىكى ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ نەزەرىيىنى كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش لازىم. بۇ، پارتىيە ۋە خەلق بىز نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىگە يۈكلىگەن شانلىق ۋەزىپە. بۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ نەزەرىيە خىزمەتچىلىرى ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ستراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنى ۋە نەزەرىيىۋى كۆزقارىشىنى، ئۇنىڭ ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىپ يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىدىغان، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى ۋە ئىجادكارلىق روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى تىرىشىپ ئىگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، ئىدىيىۋى ساپاسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ تۇرۇشى لازىم.

نەزەرىيە خىزمىتىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، ئەمەلىيەتتىن مول ئوزۇقلارنى قوبۇل قىلىپ تۇرغاندىلا، نەزەرىيە خىزمىتى ئاندىن جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوبدان ھەل قىلىش نەزەرىيە سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشنىڭ ھالقىسى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى نەزەرىيە خىزمىتى ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى. بىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ-چوڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى ئاساسلىق ھۇجۇم قىلىش نىشانى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىپ، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يېزىپ چىقىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ياردەم ۋە سىياسەت تەكلىپلىرى بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز كېرەك. كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، قىزىق

نۇقتىلىق مەسىلىلەر، قىيىن مەسىلىلەر ۋە چوڭقۇر قاتلاملىق نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە ئىلمىي، قايىل قىلارلىق جاۋابلارنى بېرىپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى، دۆلەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىنى توغرا تونۇپ، سوتسىيالىزم مەسىلىسىدىكى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى ۋە مۇجمەل قاراشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بولغان ئىشەنچىنى چىڭىتىشقا يېتەكلىشىمىز كېرەك. كەڭ نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە، چوڭ-چوڭ ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەدبىر كۆرۈشى ئۈچۈن، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىشىنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

تەتقىقات خىزمىتىدە، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلمىي، ئېھتىياتچان بولۇش ئىستىلىنى تەشەببۇس قىلىش، ئوخشاش بولمىغان ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلەر ئۈستىدە ئۆزئارا پىكىرلىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈش، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش روھىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىلمىي مەسىلە بىلەن سىياسىي مەسىلىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك. ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىنى ئاكتىپ يېتەكلەش كېرەك. سىياسىي يۆنىلىشكە، زور پرىنسىپقا تاقىلىدىغان مەسىلىلەرگە قارىتا ئېنىق پوزىتسىيە تۇتۇپ، ھەق-ناھەقنى ئايرىپ، پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ توغرا يۆنىلىش بويىچە راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بىزنىڭ ئىشلىرىمىز مۇستەھكەم ئىشەنچ باغلىغان، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەيدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان غايەت زور ماركسىزملىق نەزەرىيە قوشۇنىغا موھتاج، ئۆتكۈر پىكىر قىلىدىغان، بىلىمى مول بولغان، ھەم ئەمەلىيەتكە باغلايدىغان ماركسىزملىق نەزەرىيىچىلەرگە موھتاج. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى، بىز نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەزەرىيە قوشۇنى قۇرۇلۇشىدىمۇ روشەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. ئۆز تالانتىنى كۆرسەتكەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرى مەيدانغا كەلدى، نۇرغۇن ياش نەزەرىيە خادىملىرى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى. بۇ قوشۇنغا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ۋە ئۇنى ئاسرىشىمىز، كەڭ نەزەرىيە خادىملىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ۋە ئىجادكارلىق كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەر ۋە پېشقەدەم ئالىملارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىشىمىز، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلىشىمىز، ئىتتىپاق، ئىناق، دېموكراتىك، دوستانە بولغان كەيپىياتنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈپ، ئىلىم ئىشلىرىنىڭ جانلىنىشى ۋە نەزەرىيىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. يېڭى تارىخىي ۋەزىپىلەر بىزدىن ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرىدىغان يۇقىرى سۈپەتلىك نەزەرىيە قوشۇنىنى تېزدىن بەرپا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىش نەزەرىيە خىزمىتىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا تاقىلىدىغان ئىش، شۇنداقلا بىر تۈرلۈك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە، شۇڭا ئۇنى چوقۇم چىڭ، پۇختا، ياخشى تۇتۇشىمىز كېرەك.

پارتىيىمىز كېلەر يىلى مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتاينى چاقىرىدۇ. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى ئېلىمىزنىڭ

سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى ئىنتايىن زور ئەھمىيەتلىك قۇرۇلتاي بولىدۇ، بۇ قۇرۇلتاي پۈتۈن پارتىيىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى يېڭى ئەسىرگە قاراپ ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىتىدىغان تارىخىي خاراكتېر-لىك قۇرۇلتاي بولىدۇ. بىز چوقۇم يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش ئىشىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشىنى يېڭى نەتىجىلىرىمىز بىلەن كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت، خۇدابەردى خېلىل**
**كامىلجان تۇرسۇن، رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# شانلىق 1997-يىلنى كۈتۈۋالايلى

## يېڭى يىل باش ماقالىسى

1997-يىلنى غەلبىلىك هالدا كۈتۈۋالماقتىمىز. يېڭى يىل يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدىكى پۈتكۈل كومپارتىيە ئەزالىرىدىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىدىن بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ھال سورايمىز!

1996-يىل 9-بەش يىللىق پىلان ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشان يولغا قويۇلىدىغان تۇنجى يىل. ئۆتكەن بىر يىلغا نەزەر سالىدىغان بولساق، پەخىرلەنگەن ھالدا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، جۇڭگو يەنە ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ پۇختا بىر قەدەم تاشلىدى.

1996-يىل، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى مۇقىم، تېز، ساغلام راۋاجلانغان بىر يىل بولدى. بۇ بىر يىلدا، خەلق ئىگىلىكىدە تېز ئېشىش ۋەزىيىتى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى، مال باھاسى سەۋىيىسى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتى، يېزا ئىگىلىكىدە قىسمەن رايونلار ئېغىر كەلكۈن ۋە ھۆلچىلىك ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ يەنىلا مول ھوسۇل ئېلىندى. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىقتىسادىي مىقدارنىڭ ئېشىشىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئىقتىسادىي سۈپەتنىڭ ئۆسۈشىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك. خۇشاللىنارلىق يېرى شۇكى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، نوقۇل ھالدا سان قوغلىشىشتىن، ھە دېسىلا يېڭى قۇرۇلۇشلارغا تۇتۇش قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى يىرىك ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلىدىن تۈجۈپىلەپ ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلىگە يۆتكەشنى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىش كۆندىن-كۈنگە كىشىلەرنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلانماقتا. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ماكرو مۇھىتنىڭ يەنىمۇ ياخشىلىنىشىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە ماكرو ئىگىلىك باشقۇرۇش كۈچى داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى، مال باھاسى سەۋىيىسى يىلنىڭ بېشىدا بەلگىلەنگەن ئېشىش ھەجمى ئىچىدە كونترول قىلىندى. ماكرو ئىگىلىك مۇھىتىنىڭ ياخشىلىنىشى مىكرو ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ئۆگۈشلۈك ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈردى. ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت مەركەزنىڭ بۇ مۇھىم تەدبىرىنى كىشىلەر ھازىر تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەندى، تېخىمۇ ئاڭلىق ئىجرا قىلىدىغان بولدى.

1996-يىل، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقى بىر قەدەر ماسلاشقان بىر يىل بولدى. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئۆگۈشلۈك ئېلىپ بېرىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب شۇكى،

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلدى. مەركىزىي كومىتېت ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر قاتار زور ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئۆتكەن يىلدىن بۇيان قانات يايدۇرۇلغان قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىدە تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلىپ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى نامايان قىلىندى، جەمئىيەت ئامانلىقى خېلى ياخشىلاندى، خەلق ئاممىسى بۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتىشتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قىيىنچىلىقتا قالغان كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۈردە مۇھىم ئورۇنغا قويۇشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلار ئىسلاھات داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ئەمەلىي پايدا-مەنپەئەتكە ئېرىشىپ كەلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە مەملىكىتىمىزدىكى 65 مىليون ئاھالىنى ئاخىرقى ھېسابتا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى ئېلان قىلدى. بۇ تەدبىرلەر دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقى ۋە كىشىلەر قەلبىنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈردى، شۇنداقلا ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى كاپالەتلەندۈردى. مۇقىملىق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات ئۈچۈن مۇقىم سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇشى كېرەك، بۇ بىز تېگىشلىك بەدەل تۆلەپ ئېرىشكەن ئورتاق تونۇش، ئەمدىلىكتە بۇ ئورتاق تونۇش كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا.

1996-يىل، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا روشەن ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بىر يىل بولدى. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنى «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»نى چىقىرىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىلدىن 15 يىلغىچە بولغان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى روھىي قىياپەت بىلەن 21-ئەسىرگە كىرىشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تۈزۈپ چىقتى. ئومۇمىي يىغىنغا تەييارلىق كۆرۈش جەريانىدا ۋە ئومۇمىي يىغىن چاقىرىلغاندىن كېيىن، مەملىكەت مىقياسىدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قىزغىن دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ”دۆلەتنى پەن-تېخنىكا، مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش“ ستراتېگىيىسى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، مەدەنىيەت ئىشلىرى يەنىمۇ گۈللەندى، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، ئىجتىمائىي رەزىل ھادىسىلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى؛ شۈي خۇ، لى گوئەن، ۋۇ تيەنشياڭ، تەن يەن، لى سۇلى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىلغار، نەمۇنىچى شەخسلەر ۋە بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ تەشۋىق قىلىندى، بۇ، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى؛ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا تەنتەربىيە ئەزىمەتلىرى جاسارەت بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، دۆلەتكە شان-شەرەپ كەلتۈردى. ”ئولىمپىك روھى“ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى تېخىمۇ زور قىزغىنلىق بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا ئاتلىنىشقا رىغبەتلەندۈردى. ئۆتكەن بىر يىلدا يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا ئىرادە زور، غەيرەت يۇقىرى،

تەدبىر كۈچلۈك، نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولدى.

1997-يىل، دۆلىتىمىز تارىخىدا مۇھىم بىر يىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىز شياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيىنى چاقىرىدۇ، بۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىككى زور ئىش. بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېشكنى سىرتقا تېخىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ساقلاپ، 1996-يىللىق خىزمەت ئاساسىدا، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ ئىشلەپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشتا يېڭى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

يېڭى بىر يىلدا، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئېلىمىز ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا بىز ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان، تازا كۈچ سەرپ قىلىپ ھەل قىلىدىغان مەسىلىلەر يەنە بار. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى بىر قەدەر ئاجىز، بەزى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى نىسبەتەن قىيىن، ئۈنۈمى ياخشى ئەمەس، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەكشى ئەمەس، قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى دارامەت پەرقى زور ۋەھاكازالار. بۇلار بىزنىڭ ئىدىيىمىزنى دائىم چىرماپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر، شۇنداقلا ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات مۇساپىسىنى چەكلەپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەردۇر. بۇ كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى بىر قەدەر مۇرەككەپ، شۇڭا ئۇنى ھەل قىلىشقا بىر جەريان كېرەك. چوڭقۇر قاتلامدىكى بارلىق مەسىلىلەرنى بىراقلا ھەل قىلىپ قۇتۇلىمەن دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ؛ ئەمما قىيىنچىلىق ئالدىدا ئىشەنچنى يوقىتىپ قويۇپ، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماسلىقمۇ خاتا. بىز پەقەت مەركەز بەلگىلىگەن چوڭ سىياسىي فاڭجېنلاردا چىڭ تۇرۇپ، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىي مىقدارنى تىزگىنلەش بىلەن قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى، ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش بىلەن مىكرو جەھەتتىن جانلاندۇرۇشنى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېخىمۇ ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەيدىغانلا بولساق، يېڭى بىر يىلدا ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ كۆپ يىللىق تەجرىبىلىرى بىزگە ئۇقتۇردىكى، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىككى چوڭ ئىشنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك، بىرى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئورنىنى كۈچەيتىش كېرەك، يەنە بىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى ياخشى يولغا قويۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسى، بىر مىليارد نەچچە يۈز مىليون ئاھالىنىڭ قورساق مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ئومۇمىيلىق ۋە يىراق كەلگۈسى نۇقتىسىدىن قارايدىغان

بولساق، خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئېلىمىزنىڭ ئاشلىققا بولغان تەمىنلەش ۋە تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق
ئەھۋالى باشتىن ئاخىر بىر قەدەر جىددىي بولدى. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا چوقۇم ئۆزىمىزگە
تايىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرگەندىلا، ئاندىن چىقىش يولى تاپالايمىز،
بۇنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان، شۇنداقلا داۋاملىق ئىسپاتلايدۇ. ھالقىلىق يېرى شۇكى، بىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ
ئاساسلىق ئورنىغا ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىشىمىز، تېرىلغۇ يەرلەرنى ھەقىقىي قوغداپ، يېزا ئىگىلىكىگە
سېلىنىدىغان سېلىنمىنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى پەن-
تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يېڭى بىر
سەۋىيىگە يەتكۈزۈشكە، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا
ئىقتىسادىنى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنى يېڭى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. دۆلەت
ئىگىلىكىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈۋرۈكى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى
كارخانىلارنى، بولۇپمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنى ياخشى يولغا قويۇش
پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىقتىسادىي مەسىلە، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك
تۈزۈمنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور سىياسىي مەسىلە. ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات ئارقىلىق، ئومۇمىي
جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ قىياپىتىدە خېلى زور ئۆزگىرىش بولدى،
كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاشتى، يەنە كېلىپ بىر قەدەر ياخشى باشقۇرۇلغان، ئىچكى-تاشقى بازارلاردا
ئابرويى بار چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپتىكى بىر تۈركۈم دۆلەت كارخانىلىرى بارلىققا كەلدى، دۆلەت كارخانىلىرىدا
ساپاسى بىر قەدەر يۇقىرى بىر تۈركۈم باشقۇرغۇچىلار ۋە ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرى تەربىيىلەندى ۋە يېتىشىپ
چىقتى. بۇ بىزنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى يولغا قويۇشقا بولغان ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتتى. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى، مۇشەققەتلىكلىكىنى
تولۇق تونۇپ يېتىپ، مۇشكۈلدىن قورقماي قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك. ھازىر مەركىزىي
كومىتېتنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىغا دائىر ئاساسلىق پىكىر يولى ئېنىق، يولداش جياڭ زېمىننىڭ
دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ،
ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە زورايتىشنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا كارخانا
ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك يۈرۈشلەشكەن
ئىسلاھاتنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇپ، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىپ، كارخانا
رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ جۇڭگوچە يولىنى تېپىپ
چىقىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، "چوڭ
ھەم مۇكەممەل بولۇش، كىچىك ھەم مۇكەممەل بولۇش" ۋە قارىغۇلارچە تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش
مەسىلىسىنى پەيدىنپەي ھەل قىلىشىمىز كېرەك؛ ياخشى ماكرو ئىگىلىك مۇھىتىنى داۋاملىق ساقلاپ،
ئىقتىسادىي تەرتىپنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قېلىپلاشتۇرۇشىمىز ۋە تەرتىپكە سېلىشىمىز كېرەك؛ ئىشكىنى
سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، تاشقى سودا ۋە چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش

سەۋىيىسىنى تېرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان بەزى مۇھىم ھالقىلارنى چىڭ، ياخشى تۇتىدىغانلا بولساق، پۈتكۈل ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولالايمىز.

يېڭى بىر يىلدا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدىمۇ يېڭى بىر ۋەزىيەت يارىتىلىشى كېرەك. بۇ يىل مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ بەش يىللىق ۋەزىپىسى ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان ۋە 15 يىللىق نىشان يولغا قويۇلىدىغان تۇنجى يىل. بىز يۈكسەك روھ بىلەن پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىشىمىز كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ياخشى ئېلىپ بېرىلسىلا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۆزلۈكىدىن ياخشىلىنىپ كېتىدىغان ئىش يوق، شۇنداقلا ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ ئاندىن كېيىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولمايدۇ، ئىقتىسادنىڭ بىر مەھەللىك تەرەققىياتىنى دەپ مەنىۋى مەدەنىيەتنى قۇربان قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ھەم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، ھەم ئومۇمىيلىققا ئېتىبار بېرىش، ئۇنى دەپ بۇنىڭدىن قۇرۇق قېلىشتىن ساقلىنىش، ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئىككىلا قولنى قاتتىق قىلىش كېرەك. «قارار»نىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا سوتسىيالىستىك ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى مەركەز قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇ پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ خاراكتېرىنى ۋە يۆنىلىشىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرگەن. ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشىدا، يەنە غايە ۋە ئېتىقاد تەربىيىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. «قارار»دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: ”بىز ھازىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇۋاتىمىز ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتىمىز، بۇنىڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، شۇڭا پۈتۈن جەمئىيەتتە سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئىدىيە-ئەخلاقنى ئەستايىدىل تەشەببۇس قىلىش كېرەك.“ بۇ ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىلغارلىق تەلىپىنى كەڭ كۆلەملىك بولۇش تەلىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم-پەندىمۇ ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشى بىلەن بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئۆزىگە خاس پىلان ۋە تەدبىر بولۇشى كېرەك. ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىدىمۇ سوتسىيالىستىك ئىدىيە-ئەخلاق مەزمۇنىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەتنى ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مۇھىم فاڭجېنى. بىز دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان مۇشۇنداق بىر ئومۇمىي تەدبىرنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ 3-بەش يىللىق پىلانىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ قانۇنچىلىق ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئەمەل قىلىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇن بولغانىكەن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتۈرۈش بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك. جەمئىيەتنىڭ

مۇقىملىق خىزمىتىنى باشتىن ئاخىر گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. مۇقىم سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بولمايدىكەن، ھېچقانداق ئىشتىن سۆز ئېچىشقا بولمايدۇ، پىلان، لايىھە ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەنمۇ ئۇنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. بىز مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرغاندا، ئىش بېجىرگەندە مۇقىملىقنى ئاساس قىلىپ، مۇقىملىقنى نەزەردە تۇتۇشىمىز، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ مۇقىملىقىغا پايدا يەتكۈزۈشىمىز لازىم.

بۇ يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى، ئېلىمىز شياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردۇ. بۇ نۇرغۇن يىللىق خورلۇق يۇيۇلىدىغان، مىللەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان چوڭ ئىش! شياڭگاڭ كونا جۇڭگو ئاجىزلىشىپ كەتكەن، ھۆكۈمەت چىرىكلىشىپ ۋە زەيىپلىشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن زورلۇق-زومبۇلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىنغانىدى، شياڭگاڭ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگو كۈنسايىن قۇدرەت تېپىۋاتقان، كۈنسايىن گۈللىنىۋاتقان يىللاردا ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ. شياڭگاڭنىڭ گۈللىنىشى ياكى خورلۇققا ئۇچرىشى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى ياكى ئاجىزلىشىشى بىر-بىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىشى پارتىيىمىزنىڭ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىشەنچ ۋە ئىقتىدارغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ نامايەندىسى. بىز ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ئوبدان ئىشلەپ، تۈرلۈك سۈنئىي توسالغۇلارنى ۋە پۇتلىكاشاڭلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" پرىنسىپىغا ئاساسەن، "شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش"نى يولغا قويۇپ، شياڭگاڭنىڭ مۇقىم ھالدا ئۆتكۈزۈۋېلىنىشىغا ۋە ئۇزاق مۇددەت گۈللىنىپ مۇقىم بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش"تىن ئىبارەت ئاساسىي فاڭجېن ۋە مەركەزنىڭ شياڭگاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار سىياسەتلىرى بار، مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن قانۇن يەنى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ ئېگىزلىك قانۇنى» بار، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدا كۈندىن-كۈنگە قۇدرەت تېپىۋاتقان ۋە ئارقا تۈۋرۈك بولالايدىغان ۋەتىنىمىز بار، بۇ يولدا ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان شياڭگاڭلىق قېرىنداشلار ۋە بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەم ئۇنى قوللايدىغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقى، شۇنداقلا چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلار بار، شۇڭا بىز شياڭگاڭ ھاكىمىيىتىنى ئوڭۇشلۇق ۋە مۇقىم ھالدا ئۆتكۈزۈۋېلىپلا قالماي، بەلكى شياڭگاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە گۈللەندۈرۈشتە ئىشەنچىمىز، ئىقتىدارىمىز ۋە چارىمىز بار. بىز پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى بىلەن بىرلىكتە شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىشىدىن ئىبارەت ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان شانلىق پەيتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋالايلى. 1999-يىلى ئېلىمىز يەنە ئاۋمېنغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. تەيۋەن جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئېلىمىزنىڭ تەيۋەنگە بولغان ئىگىلىك ھوقۇقى مۇقەددەس ۋە دەخلىسىزدۇر. ۋەتىنىمىزنى پارچىلايدىغان ھەرقانداق ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، دېڭىز بوغۇزى ئىككى قىرغىقىدىكىلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىشىش ئىشلىرىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تىنچ بىرلىككە

كېلىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

كېيىنكى يېرىم يىلدا پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى چاقىرىلىدۇ. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدا ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان مۇھىم ۋاقىتتا چاقىرىلىدىغان زور ئەھمىيەتكە ئىگە قۇرۇلتاي، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى يېڭى ئەسىردە ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرىدىغان تارىخىي خاراكتېرلىك قۇرۇلتاي. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن، تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، 15-قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك چاقىرىلىشىنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك. بولۇپمۇ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ، جۈملىدىن ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاچقۇچى مانا مۇشۇ يەردە. پارتىيە ئىستىلىنى راسا كۈچ سەرپ قىلىپ تۈزىتىشىمىز، پارتىيە ئىچىدىكى چىرىك ئەھۋاللارنى تۈگىتىشىمىز، چىرىكلەشكەن ئونسۇرلارنى تازىلىشىمىز، ئۇلارغا قارىتا قەتئىي كۆڭۈل يۇمشاقلىق ۋە يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىقىمىز كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ 57 مىليوندىن ئارتۇق ئەزاسى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 دىن كۆپرەك ئادەم ئىچىدە بىردىن پارتىيە ئەزاسى بار. كەڭ ئامما پارتىيە ئەزالىرىغا، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى رەھبىرىي كادىرلارغا قارايدۇ. ھەربىر پارتىيە ئەزاسى، ھەر بىر رەھبىرىي كادىر ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىنى كۈتۈۋېلىۋاتقان ۋاقىتتا، ھەممىمىز: "ئۆزىمىزنىڭ غايە ۋە ئېتىقادىنى مۇستەھكەملىدۇقمۇ ياكى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدۇقمۇ" دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك. بىز ئۆمۈرۋايەت كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى تاللىغانىكەنمىز، ئىرادىمىزدىن يانماي، قەيسەرلىك بىلەن ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

يېڭى بىر يىللىق خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدە ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە باشتىن ئاخىر تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ يىل يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە سۆزلىگەن سۆزىنىڭ ئېلان قىلىنغىنىغا بەش يىل بولدى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بۇ سۆزنى ۋە پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىنى بەلگە قىلغان ھالدا يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىزنىڭ تۈپ قىبلىنامىمىز، مۇشۇ نەزەرىيە ئارقىلىق كادىرلارنى ۋە ئاممىنى تەربىيىلەپ، ئىنتايىن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، بىراق ئىشلەشكە تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەر بار. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى يىلتىزداش مۇكەممەل بىر ئىلمىي سىستېما. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش بىلەن ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەرلىرى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئەتراپلىق، توغرا،

پائال تۇردە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاساسلىق بەزى ھەق-ناھەق چېگرىسىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى چىگىش، مۇرەككەپ ئەھۋالدا يۆنىلىشتىن ئېزىپ قېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك، يولداش جياڭ زېمىن ئىدىيە، نەزەرىيە جەھەتتە بەزى ھەق-ناھەق چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ ئىنتايىن كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە. چەك-چېگرىنى ئېنىق ئايرىغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

يېڭى بىر يىللىق خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە، ئومۇمىيلىق نۇقتىئىنەزىرىنى تىكلەپ، مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغداش كېرەك. مۇشۇنداق چوڭ پارتىيىمىزدە، مۇشۇنداق چوڭ دۆلىتىمىزدە پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى بولمىسا، مەركەزنىڭ نوپۇزى كەمچىل بولسا، ئۇمىدمۇ بولمايدۇ. دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتى مەركەزنىڭ نوپۇزىدىن ئايرىلالمايدۇ. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدا ئىشلىرىمىزنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشى ۋە نەتىجىمىزنىڭ كۆرۈنەرلىك بولۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب شۇ يەردىكى، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، مەركەزنىڭ قارارى، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇردى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىشلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز دەيدىكەنمىز، يەنىلا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، تارقاقچىلىققا قارشى تۇرۇپ، بۇيرۇققا قاتتىق ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەت يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۈزگەن بىر قاتار چوڭ-چوڭ سىياسەتلەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى، شۇڭا ئۇ ئاممىنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشتى. مۇشۇ چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلارنى باشتىن ئاخىر ئۆز پېتىچە ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغداشتا، ئومۇمىيلىق نۇقتىئىنەزىرىنى تىكلەش كېرەك. قىسمەنلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئومۇمىيلىققا پايدىلىق بولۇشى لازىم. قىسمەنلىكنىڭ تار مەنپەئىتىنى دەپ ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىق كېرەك.

يېڭى بىر يىللىق خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەشتە، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش لازىم. خەلق ئاممىسى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق كۈچى. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى قازىنالماسلىقى خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇش دەرىجىسىگە باغلىق. بىز مەسىلىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرغاندا، ئىش بېجىرگەندە، خىزمەت ئىشلىگەندە، خەلق ئاممىسىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز، خەلق ئاممىسىنى ئاساس قىلىشىمىز كېرەك. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دېگەنىدى: ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن "ئامما بىلەن بىللە بولۇشىمىز، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىشىمىز، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشىمىز، چىن كۆڭۈل-سەمىمىي نىيەت بىلەن ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى—تۇز مەسىلىسى، گۈرۈچ مەسىلىسى، ئۆي مەسىلىسى، كىيىم مەسىلىسى ۋە تۇغۇت مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ

بېرىشىمىز، ئامىمىنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلىدىغان بولساق، كەڭ ئامما چوقۇم بىزنى ھىمايە قىلىدۇ، ئىنقىلابنى ئۆزىنىڭ ھاياتى دەپ بىلىدۇ، ئىنقىلابنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي شان-شەرەپ تۇغى دەپ بىلىدۇ.» ئىنقىلاب مانا مۇشۇنداق، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشمۇ ئوخشاشلا شۇنداق. قۇرۇلۇش مەزگىلىدە بۇ نۇقتىغا ئاسانلىقچە سەل قارىلىدىغان بولغاچقا، ئۆزىمىزنى بۇ ئىشقا تېخىمۇ دىققەت قىلىش توغرىسىدا دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىدا، كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلارغا ئەمەلىي نەپ بېرىشىمىز، ھەر ۋاقىت ئامىمىنىڭ ھال-ئەھۋالىغا يېتىپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقتا قالغان كارخانىلاردىكى ئىشچى-خىزمەتچى-لەرنىڭ ۋە نامرات رايونلاردىكى، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى ئامىمىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ھەل قىلىشىمىز كېرەك، بۇ ئىشقا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

1997-يىلىنىڭ كەلگۈسى مەنزىرىسى كىشىنى روھلاندۇرىدۇ، ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار تېخىمۇ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى كېرەك. بىزنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز ئارقىلىق، 1997-يىلى تېخىمۇ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرى ئارقىلىق تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغۇسى!

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەت ئىمىن**

# ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ھەققىدە

## —ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇش بىلەن خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش توغرىسىدا مۇلاھىزە

**زۇڭ خەن**

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇشنى پارتىيىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدىكى كۆپ يىللىق ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگەندىن كېيىن ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك دېگەن قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ھەم كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى، ئارزۇسى ۋە تەلىپىگە ماس كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ تۈپ فاڭجېندا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەزمۇنى بىلەن ماھىيىتىنى ھەققىي تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇش بىلەن بولغان چەك-چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىشىمىز لازىم.

## 1. نېمە ئۈچۈن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرىمىز

ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان مۈلۈكچىلىك شەكلى—ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يادروسى ۋە ئاساسى. مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان مۈلۈكچىلىكنىڭ خاراكتېرى ۋە قۇرۇلمىسى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى تۇتۇشنى

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى بەلگىلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئىچكى تەلىپىدىن ئىبارەت.

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتى-نىڭ غايەت زور ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر. گەرچە سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى كۆپ قاتلاملىق بولسىمۇ، لېكىن، ئىجتىمائىيلاشقان، زامانىۋىلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقى-رىش قانداقلا بولمىسۇن ئاساسىي گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا، پەقەت ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچى-لىك بىلەن ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىپ، ئىشلەپچىقى-رىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ تۈپ مەنپەئەتى بىردەك بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەييارغا ھەييار بولغۇچى يوق، ئەمگەكچىلەر ھەقىقىي خوجايىنغا ئايلاندى. پەقەت باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، پۇختا ھەم ئىلمىي بولغان، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق ۋە مەنپەئەت بىرلەشتۈرۈلگەن بىر يۈرۈش ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنسىلا، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى چوقۇم تولۇق قوزغىغىلى بولىدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك شارائىتىدا قوشۇمچە مەھسۇلاتلار ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ، ساقلانما مۇلۇك ۋە يىغىمدىن كۆپەيگەن ئىجتىمائىي بايلىقلارنى ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە بىنائەن ئىشلەتكىلى ۋە باشقۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنى ئاز ساندىكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىگە بىنائەن ئىشلىتىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان ئىش بولمايدۇ. بىرى، جانلىق ئەمگەكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى مەنبەسى، يەنە بىرى، جانلىق ئەمگەكنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بويۇملاشقان ئەمگەكنىڭ ئىلمىي ئاساستا ئىشلىتىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش مەنبەسى، بۇ ئىككى تەرەپ ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېز سۈرئەتتە ئېشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئورتاق بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك بىلەن ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق. پەقەت ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىي گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلىيەلەيدۇ. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتا، پەقەت ئەمگەك ئىقتىدارى، ئەمگەك تۆھپىسى ۋە بېقىلىدىغان نوپۇسنىڭ ئاز-كۆپلۈكىدىن پەيدا بولغان كىرىم پەرقىلا مەۋجۇتكى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي

ئىگىدارچىلىق تۈپەيلىدىن باشقىلارنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكىنى ئىگەللىۋېلىش يولى بىلەن ھاسىل بولغان كىرىم پەرقى مەۋجۇت ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن نامراتلىق بىلەن بايلىقتىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئەھۋالى كېلىپ چىقمايدۇ. بۇ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشنىڭ مەنبەسى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىنىڭ ماددىي كاپالىتى.

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ بازار ئىگىلىكى ئومۇمىيلىقى بىلەن ئوخشاشلىقى بار، لېكىن ئۇنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ ئىچكى مەزمۇنلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ كەينىدە ئىپادىلىنىدىغان كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن ئىبارەت، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش، پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشى شەرت، لېكىن بۇلار ئاساسلىقى كاپىتال بىلەن ئەمگەكنىڭ قارىمۇقارشىلىقى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا ئىش تەقسىم قىلىۋېلىش بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە زۆرۈرلۈكىنى، كىشىلەر ئەمگىكىنىڭ ھۆرمەتلىنىشى ۋە ئېتىراپ قىلىنىشىنى، تاۋار رىقابىتى ۋە ئورتاق بېيىش تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، بارلىق كارخانىلار، كەسىپلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى بازارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتىدۇ، قىممەت قانۇنىيىتى بۇ يەردە ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىرىش رولىنى ئوينايدۇ، لېكىن سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇش كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىدىكىدەك ستىخىيىلىك ۋە تەرتىپسىز بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا ئەمگەكچىلەرنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى بويىچە زۆرۈر بولغان ماكرولۇق باشقۇرۇش ۋە تەڭشەش ئېلىپ بېرىشقا شارائىت بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە باغلىق بولىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى بولمىسا، بازار ئىگىلىكىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى ۋە ئەۋزەللىكى يوقىلىدۇ، ئۇنىڭ كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن قىلچىمۇ پەرقى قالمايلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ قالاقلىقى، تاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەنئەنىسىنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن، پۈتكۈل ئىگىلىك تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ، تەرتىپسىزلىشىپ كېتىدۇ، ئادىللىقتىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى ھەم سوتسىيالىستىك ئۇستقۇرۇلمىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى ھەم ئىقتىسادىي بازىسىمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئىقتىسادىي بازىس ئۇستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ، كېيىنكىسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئالدىنقىسىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغاندىلا، ئاندىن خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت

هاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگىلى، سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئىدېئولوگىيىنى تۈندىن-كۈنگە نۇرلاندۇرغىلى بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، ھاكىمىيەت ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىلىرى ۋە تۈرلۈك چۈشكۈن كەيپىياتلارمۇ يامراپ ئۆسۈپ كېتىدۇ.

تەجرىبىمىز كەمچىل بولغانلىقتىن، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بارغان ۋاقتىمىز قانداقلا بولمىسۇن ئانچە ئۇزاق بولمىغانلىقتىن، مەملىكىتىمىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تۈزۈلمە جەھەتتىكى ئىللەتلىرى تېخى تولۇق تۈگىتىلمىدى، لېكىن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك كونا تۈزۈم ئاستىدا ساقلىنىپ قالغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئىجتىمائىيلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئانتاگونىيىلىك زىددىيەتنى ھەل قىلدى، ئۇ ماھىيەت جەھەتتىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماس كېلىدۇ، شۇڭا ئۇ كونا تۈزۈم ئاستىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان سۈرئەت بىلەن ئېلىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلىدى. كونا جۇڭگو خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئۇزۇن يىللار يولغا قويغان بولسىمۇ، ئىزچىل تۈردە زەئىپ، قالاق ھالەتتە تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەنىدى. سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغانلىقتىن، جۇڭگو قەدەممۇقەدەم تەرەققىي قىلىپ، كۈچىيىشكە باشلىدى. ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، تۈزۈلمە جەھەتتىكى مەسىلىلەر ھەل قىلىنسا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئەۋزەللىكى جەزمەن تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدۇ. شۇڭا، پۈتكۈل ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، باشتىن ئاخىر ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتىن ئىبارەت تۈپ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىز، ئۇنىڭدىن قىلچىلىكمۇ تەۋرەنمەسلىكىمىز لازىم. ئۇنداق قىلمىساق، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدىن چەتلەپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىنى تەۋرىتىپ، پۈتكۈل خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈپ قويىمىز. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: ”بىرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، يەنە بىرى ئورتاق بېيىش—سوتسىيالىزمنىڭ چىڭ تۇرۇشىمىز شەرت بولغان تۈپ پرىنسىپلىرى. بىز سوتسىيالىزمنىڭ ئاشۇ پرىنسىپلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشىمىز ۋە ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 227-بەت) بىز شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ھەر ئىككىلىسى كەم بولسا بولمايدۇ، لېكىن ئۇلار تەڭ ئورۇندا تۇرماستىن، بەلكى مۇھىمى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىكى دەپ ئايرىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك باشتىن ئاخىر ئاساسىي گەۋدىلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر پەقەت زۆرۈر بولغان تولۇقلاش رولىنىلا ئوينايدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى ئىنكار قىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى نامۇۋاپىق دەرىجىدە تەكىتلەش، ياكى ئىككىسىنى ئايرىۋېتىپ، بىر تەرەپنىلا تەكىتلەپ، يەنە بىر تەرەپنى تەكىتلىمەسلىك

يۇقىرىقى فاكتورلار چەتلىگەنلىك، دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2. كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يول قويۇش ۋە ئۇنى رىغبەتلەندۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدۇ

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنى تەكىتلىگەنلىك كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە زۆرۈرلۈكىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش شارائىتى ئاستىدا كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى راۋاجلاندۇرۇش مەملىكىتىمىزدە ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىككە ئىگە. كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. مەملىكىتىمىز ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئارقىدا قالغانلىق ئەھۋالىغا ۋە تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "بىر ئىجتىمائىي ھالەت ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تولۇق جارى بولمىغىچە ھەرگىز يوقالمايدۇ؛ يېڭى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي شەرت-شارائىتلار كونا جەمئىيەتنىڭ قوينىدا پىشىپ يېتىلمىگىچە ھەرگىز پەيدا بولمايدۇ. شۇڭا ئىنسانلار ئۆز ئالدىغا ھەرقاچان ئۆزى ھەل قىلالايدىغان ۋەزىپىلەرنىلا قويىدۇ." («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 139-بەت) دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ماددىي بايلىق ئومۇمىي مىقدارى ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ ئېشىشى ناھايىتى تېز بولدى، نۇرغۇنلىغان ئاساسلىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى. ئەمما ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلما نامۇۋاپىق بولغاچقا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ماددىي بايلىقنى ئىگىلەش مىقدارى دۇنيا بويىچە يەنىلا ئارقىدا تۇرىدۇ. 1992-يىلدىكى ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاران دۇنيا ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 10 پىرسەنتىگە، يۇقىرى كىرىملىك 22 دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 2 پىرسەنتىگە، ئوتتۇراھال كىرىملىك 47 دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 16.6 پىرسەنتىگىلا توغرا كەلگەن، تۆۋەن كىرىملىك 36 دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن

5.7 پىرسەنتلا يۇقىرى بولغان. ئاساسىنىڭ ئاجىز، نوپۇسىنىڭ كۆپ، ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىز بولۇشى مەملىكىتىمىز ئەھۋالىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. نوپۇس كۆپ بولۇش، بولۇپمۇ دېھقانلار كۆپ بولۇش، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىنى خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە ئۆزگەرتىپ بولۇش تەس. مەملىكىتىمىزدە 60 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىدى. مانا بۇ جۇڭگونىڭ ئاساسىي ئەمەلىيىتى. جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى ۋە مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى مۇشۇ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى راۋاجلاندۇرغان، ماددىي شارائىتقا يارىشا ئىش قىلغان، شارائىت يارىتىپ پايدىسىز ئامىلنى پايدىلىق تەرەپكە بۇرىغان چاغدىلا، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلالايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى كونكـرېت بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ كۆپ قاتلاملىقى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق بولۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق بولۇش ئەھۋالى قاچانغىچە ئۆزگەرمىسە، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق بولۇش ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغىچە ئۆزگەرمەيدۇ. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتىدۇ: "بۇ تەجرىبىلەرنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا مۇنداق: بىرىنچىدىن، رېئاللىقتىن ئايرىلىپ ۋە باسقۇچتىن ھالقىپ بەزى "سول"چىل چارىلەرنى قوللانماسـلىق كېرەك، بۇنداق قىلغاندا سوتسىيالىزمنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. بىز ئىلگىرى "سول"چىللىقنىڭ زىيىنىنى تارتتۇق. ئىككىنچىدىن، قىلغان ھەرقانداق ئىشىمىز چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇـرۇشقا پايدىلىق بولۇشى كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 678-بەت)

ئەمەلىيەت كۆرسەتتىكى، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش شارائىتىدا كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىپ، كۆپلىگەن ئوشۇقچە ئەمگەك كۈچلىرىنى رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇشقا پايدىلىق. مەملىكىتىمىزدە ئاھالە كۆپ، ھەر يىلى يېڭىدىن قاتارغا قوشۇلۇۋاتقان ئەمگەك كۈچلىرى نەچچە مىليون ئادەمگە يېتىدۇ. ئەمگەك كۈچى ئېشىپ كەتكەن دۆلەت كارخانىلىرىغا يېڭىدىن كۆپەيگەن بۇنچە كۆپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى سىغدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. كوللېكتىپ كارخانىلار گەرچە خېلى كۆپ ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلالايدىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ كارخانىلارنىڭمۇ مەلۇم مەزگىلدىكى ئادەم سىغدۇرۇش مىقدارى چەكلىك بولىدۇ. كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بەرگەندە، خېلى بىر قىسىم ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىلى، شۇنداقلا بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىدىن قىسقارتىلغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى سىغدۇـ

روپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىگە چۈشكەن بېسىم ۋە يۈكنى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ. ھازىر مەملىكىتى-مىزدە غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكى ساھەلىرىگە ئورۇنلاشقان ئادەم 70-80 مىليون بولۇپ، مەملىكەت ئومۇمىي ئەمگەك كۈچى مىقدارىنىڭ 10 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتتى.

كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى راۋاجلاندۇرۇش مەبلەغنى قوبۇل قىلىشقا، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى كىرگۈزۈشكە پايدىلىق. مەملىكىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مەبلەغكە جىددىي ئېھتىياجلىق، ئەمما مەبلەغ يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش، زۆرۈر مەبلەغنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. 1978-يىلدىن 1995-يىلغىچە مەملىكىتىمىز ئەمەلىي پايدىلانغان چەت ئەل مەبلىغى جەمئىي 229 مىليارد 130 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ 137 مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولدى، بۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ مەبلەغ قىس بولۇش ئەھۋالىنى پەسەيتىشتە ئىجابىي رول ئوينىدى. چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق يىلىغا بىر-ئىككى مىڭ تۈرلۈك بىرقەدەر ئىلغار ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكا كىرگۈزۈلۈپ، مەملىكىتىمىزنىڭ تېخنىكا جەھەتتىكى بەزى بوشلۇقى تولدۇرۇلدى ھەمدە ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ئېلىپ كېلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ تاشقى سودا ئېكسپورتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، مۇلازىمەتنى كېڭەي-تىپ، كۆپ تەرەپلەردىكى ئېھتىياجنى قاندۇرۇشقا پايدىلىق. يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكلەر ئادەتتە كۆلەم جەھەتتىن كىچىكرەك، جانلىق، ئەپچىل بولۇپ، بازاردا نېمە كەمچىل بولسا شۇنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، جەمئىيەتتىكى تارقاق بايلىق ۋە بازاردىن پايدىلىنىپ، كېمىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينىيالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە دۆلەت كارخانىلىرىنى قولىنى بوشىتىپ، مۇھىم كەسىپنى باشقۇرۇش ۋە مۇھىم مەھسۇلاتلار-نى ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى راۋاجلاندۇرۇش مەبلەغنى جۇغلاپ، مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق. نۆۋەتتە يەككە، خۇسۇسىي ئىگىلىكلەر يىلىغا 5-6 مىليون يۈەن، "ئۈچ خىل مەبلەغ" كارخانىلىرى 3-4 مىليون يۈەندىن باج تاپشۇرۇۋاتىدۇ. غەيرىي ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى يەنە ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان بەزى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ جايلارنىڭ قەدەممۇقەدەم نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا مېڭىشىغا تۈرتكە بولالايدۇ. قىسقىسى، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ تەرەققىياتى بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى كەم بولسا بولمايدىغان ئىشتۇر؛ ماھىرلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپ، باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجى ۋە يولى بويىچە راۋاجلاندۇ-

رىدىغانلا بولساق، ئۇلار ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىگە قارىتا زۆرۈر ۋە پايدىلىق تولۇقلىغۇچىلىق رول ئوينىيالايدۇ.

شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە زىددىيەتمۇ مەۋجۇت. ئۇلارنىڭ پاسسىپ تەرەپلىرى ۋە نۇقسانلىرى پات-پات كۆرۈنەرلىك ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ. ئەمما ئۇلار ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش شەرتى ئاستىدا تەرەققىي قىلىدۇ. مەملىكىتىمىز شارائىتىدا غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى بىلەن جەزمەن باغلىنىدۇ ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ غايەت زور تەسىرى ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئۇلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدە راۋاجلىنىشى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى تەۋرەتمەيلا قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە پايدىلىق.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى بىلەن غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ خاراكتېرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش مۇۋاپىق ئەمەس. رول بىلەن خاراكتېر باشقا-باشقا نەرسە. غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك ئىگىلىككە نىسبەتەن پايدىلىق تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ، لېكىن ئۇ خاراكتېر جەھەتتە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. چەت ئەل مەبلەغ ئىگىلىكى چەت ئەل كاپىتالىغا مەنسۇپ، يەككە ئىگىلىك يەككە ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ، خۇسۇسىي ئىگىلىك خۇسۇسىي كارخانىلار خوجايىنلىرىغا مەنسۇپ. جۇڭگو-چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى ئىگىلىكتە، چەت ئەل مەبلىغى قىسمى چەت ئەل كاپىتالىستىك ئىگىلىكىگە مەنسۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ياكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى قىسمى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىگە مەنسۇپ. كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق تونۇۋېلىش ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى بىلەن غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا، دۆلەتنىڭ قانۇن، پەرمان ۋە قائىدە-نىزاملىرى بويىچە غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىگە بولغان يېتەكچىلىك، نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىجابىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق؛ ئۇنداق بولمىغاندا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى ئاجىزلىتىش، تەۋرىتىش بىلەنلا قالماستىن، غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى تەركىبلىرىنىڭ ساغلام، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەرەققىي قىلىشىغىمۇ پايدىسىز بولۇپ قالىدۇ.

## 3. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنىڭ شەرتى

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئىجتىمائىي ئومۇمىي مۈلۈك ئىچىدە ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تارماقلىرى ھەم مۇھىم ساھەلىرىدە ئۈستۈن ۋە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سان بىلەن سۈپەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. بۇ—ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشتىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم چېگرا.

ھەرقانداق شەيئى سۈپەت بىلەن ساننىڭ ھەم قارىمۇقارشىلىقى، ھەم بىرلىكى ئاساسىدىكى بىر پۈتۈن گەۋدىدۇر. مۇئەييەن مىقدار بولمىسا، مۇئەييەن سۈپەتمۇ بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سۈپەت مۇقەررەر ھالدا مىقداردا ئىپادىلىنىدۇ. مىقدارنىڭ ئۆزگىرىشى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە سۈپەت پەرقىگە ئايلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ مىقدارى ھەم ھەرىكەت ئەھۋالى بولسا، ئىجتىمائىي ئومۇمىي بايلىق شۇنداقلا ساپ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىش ئەھۋالى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھەم كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئىجتىمائىي ئومۇمىي مۈلۈك ئىچىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى ئىشلەپچىقارغان ماددىي مەھسۇلاتنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات ئىچىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىگە، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تارماقلار، ئاچقۇچلۇق ساھەلەردە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. ھۆكۈمرانلىق ئورۇن ۋە يېتەكچىلىك رول قۇرۇق نەرسە ئەمەس، كۈچلۈك ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچنى ۋە ماددىي بايلىقلارنى ئارقا تىرەك ۋە ئاساس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمەلىي كۈچ دېگەنلىك، ئۇنىڭ تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى، كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى سەۋىيىسى ۋە مەھسۇلاتنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنى ۋە رولىدىن ئىبارەت. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئىگە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ھەم ھەرىكەت نەتىجىسىنىڭ مىقدار جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن-ئىگىلىمىگەنلىكىگە باغلىق بولىدۇ.

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ئەينى ۋاقىتتا سۈپەت جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىشى لازىم. سۈپەت بولغاندىلا مىقدار بولىدۇ؛ سۈپەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك بولغاندىلا، مىقدار جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى ساقلىغىلى بولىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدە بولۇش سۈپىتى، ئاساسلىقى، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم تارماقلار ۋە ئاچقۇچلۇق ساھەلەردە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرىدىغانلىقىنى ھەمدە سۈپەت جەھەتتىكى ئومۇمىي ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. كونا جۇڭگودا

ئىقتىسادنىڭ جان تومۇرى باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىدا بولغانلىقى، چەت ئەل كاپىتالى ۋە بيۇروكرات كاپىتال "جۇڭگونىڭ گېلىنى بوغۇۋالغان"لىقى ئۈچۈن، "مۇستەقىل جۇڭگونى يېرىم مۇستەملىكە ۋە مۇستەملىكە جۇڭگوغا ئايلاندۇردى" («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە 2-نەشرى، 2-توم، 1246-، 1248-بەتلەر)، بۇ نۇقتا ھېلىمۇ بىزنىڭ ئېسىمىزدە. بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارىمىز، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرىمىز دېسەك، ئىقتىسادىي جان تومۇرنى دۆلەتنىڭ قولىدا مۇستەھكەم تۇتمىساق بولمايدۇ. ئاساسلىق تارماقلار ۋە ئاچقۇچلۇق ساھەلەرنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكىتى دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ساقلاپ قالغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ماكرو ئىگىلىكنى تەڭشەش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەش ۋە چەكلەپ تۇرۇش، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا يېتەكچىلىك رول ئويناشتەك فۇنكسىيىسىنى توغرا جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدە بولۇش سۈپىتىنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلەتىش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش، كارخانا كۆلىمىنى كېڭەيتىش، كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەھسۇلاتنىڭ زامانىۋىلىشىش دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. ھازىر دۆلىتىمىزدە بىر تۈركۈم ياخشى باشقۇرۇلغان دۆلەت كارخانىلىرى بار، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا كارخانىلارنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس، قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس، ئەلا مەھسۇلاتلىرى ئاز، سەرپىياتى يۇقىرى، ئۈنۈمى تۆۋەن. مەركەزنىڭ چاقىرىقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سۈپەتنى پائال يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتكەندىلا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

"دۆلەت كارخانىلىرى بايلىقنى مونوپول قىلىدىغان ئاز سانلىق كەسىپلەردە، ئاممىۋى پاراۋانلىق ساھەلىرىدە ساقلاپ قېلىنسىلا بولىدۇ، رىقابەت خاراكتېرلىك كەسىپلەردىن چېكىنىپ چىقىپ، ئورنىنى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغانلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشى لازىم" دەيدىغان بىر خىل كۆزقاراش بار. بىز بۇنداق تەشەببۇسقا قوشۇلالمايمىز. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش دېگەنلىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ سانى ۋە قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتمەسلىك لازىم دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئەكسىچە، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نامۇۋاپىق ساقلانما مۈلۈككە قارىتا زۆرۈر بولغان تەڭشەش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئېلىپ بېرىپ، كۆپەيمە مەبلەغنى كۈچەيتىش، قالاق ئۈسكۈنە ۋە كارخانىلارنى ئۆزگەرتىپ ۋە شاللاپ چىقىرىپ، يېڭى تىپتىكى يۇقىرى تېخنىكىلىق كەسىپ ۋە تايانچ كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم، ئەلۋەتتە. تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېگىشلىكلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلما-

سا، شاللاپ چىقىرىشقا تېگىشلىكلىرى شاللاپ چىقىرىلمىسا، قوشۇۋېتىلىشكە تېگىشلىكلىرى قوشۇۋېتىلمىسە، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى ئاجىزلىتىپ قويۇشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ. بىراق، دۆلەت كارخانىلىرىنى بايلىقنى مونوپول قىلىدىغان ئاز سانلىق كەسپلەردە ساقلاپ قېلىپ، كۆپ قىسىم مۇھىم كەسپلەردىن چېكىندۇرسەك بولامدۇ؟ بايلىقنى مونوپول قىلىدىغان كەسپلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپ، قايتۇرۇۋېلىش مۇددىتى ئۇزۇن، ئۈنۈمى تۆۋەن، جامائەت مەنپەئىتىنى ئويلىغاندا، بەزىلىرىدە ئۇزاققىچە باھانى چۈشۈرۈپ، زىيىنىغا تىجارەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە ھەربىي سانائەتنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ شۇنداق. دۆلەت ئىگىلىكى ئەگەر مۇشۇ كەسپلەردىلا ساقلاپ قېلىنسا، زىيان تارتىدىغان ئىشلار ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلارغا قالدۇرۇلۇپ، پايدا ئالىدىغان، ئۈنۈمى بولىدىغان ئىشلار ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىلسە، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ قانداقمۇ ئۈستۈنلۈكى ۋە ئەمەلىي كۈچى بولسۇن؟ دۆلەت كارخانىلىرى ”رىقابەت خاراكتېرلىك كەسپلەردىن چېكىنىپ چىقسۇن“ دېگەنلىك ھەممە كەسپلەردىن چېكىنىپ چىقسۇن دېگەنلىكتۇر. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، قايسى كەسپ رىقابەت خاراكتېرىدىكى كەسپ ئەمەس؟ مېتاللچىلىق سانائىتى، خىمىيە سانائىتى، ماشىنىسازلىق سانائىتى، ئېلېكترون سانائىتى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى قاتارلىق كەسپلەرنى دېمەيلا تۇرايلى، ھەتتا بانكا، تاشقى سودا، ئاۋىئاتسىيە، ئالىم قاتنىشى سانائىتىمۇ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىدۇ. ئەگەر يۇقىرىدىكى تەشەببۇسلار بويىچە بولىدىغان بولسا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ خام ئەشيا-ماتېرىيال، ئېنېرگىيە، خىمىيە، ئېلېكترون قاتارلىق ساھەلەردىن چېكىنىپ چىقىپلا قالماي، بەلكى پۇل مۇئامىلە، تاشقى سودا، قاتناش، ترانسپورت ھەتتا ھەربىي سانائەت كارخانىلىرىدىن چېكىنىپ چىقىشىغا توغرا كېلىدۇ، ئۇنداقتا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟ ”بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى دۆلەت ئىگىلىكى نىسبىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە باغلىق ئەمەس، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ نىسبىتى تۆۋەن بولغان ئەھۋالدىمۇ، تەقسىمات مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك بولسىلا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى تۆۋەن بولمايدۇ“ دېگەن گەپ بار. بۇ گەپمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، دۆلەت ئابستراكت بولماستىن، كونكرېت بولىدۇ، ”بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى“نىلا سۆزلەپ، قانداق ”دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى“نى ھەم بۇنداق يۇقىرى-تۆۋەنلىكنى زادى قانداق ئامىل بەلگىلەيدىغانلىقىنى سۆزلىمەيدىغان، سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمنى، دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى چىقىرىپ تاشلايدىغان بۇنداق نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل خەتەرلىك.

”دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن بازار ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كېلىشتۈرگىلى بولمايدۇ، يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىكنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئاساسىي گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش لازىم“ دەيدىغان يەنە بىر خىل كۆزقاراش بار. بۇنداق كۆزقاراش نەزەرىيە جەھەتتە پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ

ئىنتايىن زىيانلىق بولىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكى—تاۋار ئىگىلىكىدۇر، دۆلەت كارخانىلىرى—ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تىجارەت قىلغۇچىلاردۇر. دۆلەت كارخانىلىرى مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتى جەھەتتە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىككە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، ئەمما ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە بازار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارمۇ توغما تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلاردۇر: ئۇلار ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن تاۋار ئىشلەپچىقار-ماستىن، بازار ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى بازارغا يۈزلىنىشى لازىم، بازاردىن ئايرىلالمايدۇ. سوتسىيالىستىك كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەم ئۇلار بىلەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش تاۋار ئالماشتۇرۇش بولۇپ، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشى، قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ تەڭشەپ تۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. نۆۋەتتە خېلى كۆپ ساندىكى دۆلەت كارخانىلىرى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە تېخىچە ماسلىشالمايۋاتىدۇ، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلى-شىشىغا ئەگىشىپ، بۇ مەسىلە ھەل بولۇپ كېتىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىيات ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، ئۇلار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ھەققىي لاياقەتلىك ئاساسىي گەۋدىسى ۋە غولى، يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا قۇدرىتى يەتمەيدۇ، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئۇنداق قىلىشقا يول قويمايدۇ.

”چىرايلىق قىزنى ئاۋۋال ياتلىق قىلىش نەزەرىيىسى“ ۋە ”شەكىل ئۆزگەرتىش نەزەرىيىسى“ دەيدىغان نەزەرىيىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ خىل نەزەرىيىدىكىلەر: ”قىزلارنى ياتلىق قىلغاندا ئاۋۋال چىرايلىقىنى ياتلىق قىلىش كېرەك، دۆلەت كارخانىلىرىنى ساتقاندىمۇ ئاۋۋال ياخشىسىنى سېتىش لازىم“، ”دۆلەت مۈلكىنى سېتىش مۈلۈكنىڭ ماددىي شەكلىنى قىممەت شەكلىگە ئۆزگەرتىشتىنلا ئىبارەت، خالاس، ئۇنىڭدا مۈلۈكنىڭ تەۋەلىكى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى ئۆزگەرتىلمەيدۇ“، ”ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ئومۇمنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى بىر تىيىنمۇ زىيانغا ئۇچرىمايدۇ“ دېيىشىدۇ. بۇنداق پىكىرلەر قارىماققا توغرىدەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خاتا. مەركەز، مەھسۇلاتىنىڭ بازىرى يوق، مەبلىغى قەرزىگە چىقىش قىلالمايدىغان، زىياننى توگىتىشتىن ئۈمىد بولمىغان كىچىك كارخانىلارنىلا سېتىۋەتسە بولىدۇ، دەپ قايتا-قايتا كۆرسەتتى، ھەمدە ئىسلاھات ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن كىچىك كارخانىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يەنىلا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانا بولۇشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. سوراپ باقايلى: كارخانا چوڭ-كىچىك بولسۇن، ياخشى-يامان بولسۇن ھەممىسى سېتىۋېتىلسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ”چىرايلىقىنى ئاۋۋال ياتلىق قىلىش“ يولى تۇتۇلسا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدا قانداقمۇ چىڭ تۇرغىلى بولىدۇ؟ دۇرۇس، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ماددىي شەكلى ۋە قىممەت شەكلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكلى بار. تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئىشلەپچىقىرىش

ۋاستىلىرى پۇل ئارقىلىق ھېسابلىنىدۇ، سېلىشتۇرۇلىدۇ، ئالماشتۇرۇلىدۇ ۋە ئوبوروت قىلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ ماددىي نەرسە بولۇپ ئىپادىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىممەت بولۇپمۇ ئىپادىلىنىدۇ، ھەم مەلۇم شارائىتتا ماددىي شەكىلدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بىراق شۇنى بىلىش كېرەككى، پۇلنى ئىگىلەش بىلەن ماددىي نەرسىنى ئىگىلەش، كارخانىنى ئىگىلەش بىلەن قىممەتنى ئىگىلەش تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىش. پۇل شەكلى ماددىي شەكلىنى ئارقا تىرەك قىلغان ھەمدە تەڭ قىممەت بويىچە ماددىي شەكىلدە ئىپادىلەنگەندىلا، ئاندىن ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا رول ئوينىيالايدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى نوقۇل نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. بىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش دېگىنىمىزدە، ئۇنىڭ كۈچلۈك ماددىي ئاساسىنىڭ بولغانلىقىنىلا كۆزدە تۇتماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرغاندىلا، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىچىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرالايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان. بۇ—ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنىڭ ماھىيىتى. ئەگەر ئومۇمىي مۈلۈكنىڭ ھەممىسى سېتىۋېتىلسە، خېلى كۆپ مىقداردىكى پۇلنى قايتۇرۇۋالغان تەقدىردىمۇ، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ماددىي ئاساسى يوقىتىپ قويۇلغاچقا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق شەكىل ئۆزگىرىشىدە ”ئومۇمىي مىقدارى ئۆزگەرمەيدۇ، ھېچقانداق يوقىتىش بولمايدۇ“ دېيىش ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەممىگە مەلۇمكى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ قىممىتى ئېشىپ بارالايدۇ، بايلىق تېخىمۇ كۆپ بايلىقنى كەلتۈرەلەيدۇ. كىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىسە، ئەمگەكنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتنى ئېلىش ھوقۇقىنى شۇ ئىگىلەيدۇ. دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويسا، قوشۇمچە مەھسۇلات ئۈزۈلمەستىن باشقىلارنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كېتىدۇ-دە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى كۆپۈككە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## 4. ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، مېخانىزمنى ئالماشتۇرۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېزلىتىش لازىم

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنى ئىنكار قىلىدىغان خاتا نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتنىڭ بازار تېپىشى بەزىلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ خۇسۇسىيلاشتۇرۇشقا بېرىلىپ كەتكەنلىك-

دىن باشقا، ئورغۇن كىشىلەردە دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاشقا بولغان ئىرادە ۋە ئىشەنچنىڭ كەمچىللىكدىن بولغان. مۇشۇ يىللاردىن بېرى، دۆلىتىمىزدە قىسمەن دۆلەت كارخانىلىرى ئىگىلىك باشقۇرۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولماي كېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا كەڭ ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشكە ۋە ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە قارىتا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئومۇميۈزلۈك تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئىشنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىمىز لازىم.

ئىنچىكە تەھلىل قىلساقلا شۇنى بايقىۋالالايمىزكى، دۆلىتىمىزدە بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كۆپ خىل ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇنىڭدا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى جەھەتتىكى سەۋەب بار، كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە كارخانا باشقۇرۇشنىڭ ئاجىزلىقى جەھەتتىكى سەۋەبمۇ بار، بۇ ئامىللار دۆلەت كارخانىلىرىدا ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش، پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش، ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆز-ئۆزىنى چەكلەپ تۇرۇش مېخانىزمى ۋە بازار ئىگىلىكىگە لايىقلىشىش ئىقتىدارىنىڭ كەملىكىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ، بۇنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن مۇقەررەر باغلىنىشى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشتە، بەزىلەر تەشەببۇس قىلغاندەك ئۇنداق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئۆزگەرتىۋېتىش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى تەۋرىتىۋېتىش يولىنى تۇتۇشقا بولمايدۇ، بەلكى كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، ئىشنى كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، باشقۇرۇشنىڭ ئارقىدا قېلىشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئامىل. ئىسلاھاتنى باشقۇرۇشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. مېخانىزم جانلاندۇرۇلغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر بىر يۈرۈش پۇختا ھەم ئىلمىي كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈمى بولمىسا، كارخانىنى ياخشى باشقۇرغىلى بولمايدۇ. كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، زاۋۇتنى قاتتىق باشقۇرۇشنى نۆۋەتتىكى جىددىي قىلىشقا تېگىشلىك چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇش لازىم. كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، كارخانىنى ياخشى باشقۇرۇشتا، چوقۇم پۈتۈن نىيەت بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش لازىم. ئەمگەكچىلەر كارخانىنىڭ خوجايىنى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىجادكارلىقى كارخانىنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ مەنبەسى. بۇ — دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئەڭ زور ئۈستۈنلۈكى. بۇ ئۈستۈنلۈكنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا، كارخانىلىرىمىز ئاندىن بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. رەھبەرلىك بەنزىسىنى ياخشى تۇتۇش لازىم. ياخشى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ بولۇش-بولماسلىقى، بولۇپمۇ ئىستىل جەھەتتە، كەسىپ جەھەتتە، باشقۇرۇش جەھەتتە قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان باشلامچىنىڭ بولۇش-بولماسلىقىنىڭ كارخانىنى ياخشى باشقۇرۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى زور. چوقۇم بەنزىنى ياخشى تاللاش لازىم، بولۇپمۇ بىرىنچى قول باشلىقنى

ياخشى تاللاش لازىم. كارخانىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە تۆۋەنرەك ئەمگەك سەرپىياتى بىلەن، بازارغا ئېھتىياجلىق بولغان تېخىمۇ كۆپ ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇ ئىشنى ئورۇنداش ئۈچۈن، مەۋقەنى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە تېخنىكىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قويۇش لازىم. تېخنىكا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتسە، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسى ئالدىنقى قاتارغا ئۆتسە، ئاندىن مەھسۇلات ئالدىنقى قاتارغا ئۆتەلەيدۇ. كارخانىلىرىمىز كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يېڭى مەھسۇلاتلارنى، يېڭى تېخنىكىنى ئوبدان تۇتۇشى، تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىشى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسى ۋە كارخانا قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇشى، ئىقتىساد يۈكسىلىشنىڭ يېڭى نۇقتىلىرىنى يېتىشتۈرۈشى، ”چوڭ ھەم مۇكەممەل، كىچىك ھەم مۇكەممەل بولۇش“ ۋە تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، تۈجۈپىلەپ ئىگىلىك باشقۇرۇش يولىدا مېڭىشى لازىم. تۈجۈپىلەپ ئىگىلىك باشقۇرۇش يولىغا ماڭغان كۈنى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆستۈرۈلگەن ۋاقىت بولىدۇ.

ئىشقا قاراشتا يىراقنى كۆزدە تۇتۇش لازىم. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى بىر خىل يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى سۈپىتىدە، ئېلىمىزدە بەرپا قىلىنغىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغىلى تېخى ئۇزۇن بولمىدى. بىزدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى بويىچە پۇختا، ئىلمىي ھالدا باشقۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە پىششىق يېتىلگەن تەجرىبە يوق. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشالايدىغان يېڭى تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن يەنە ۋاقىت كېرەك. بىراق، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئەۋزەللىكى ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت. ئېلىمىزدىكى كەڭ ئەمگەكچىلەر پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئورناتقان يەردە، غايەت زور نەتىجىلەرنى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئاساستا، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىگە ئۇيغۇن بولغان يېڭى تۈزۈلمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ياخشى باشقۇرۇش ۋە ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنىمۇ چوقۇم ئورۇندىيالايدۇ. بىز شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، دۆلەت ئىگىلىكىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، نۇرغۇن پايدىلىق شارائىتلار بار: ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە كۈچەيدى، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى ھەم ماددىي ئاساستا زور تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر بولدى؛ مەركەزنىڭ ئىسلاھات توغرىسىدىكى فاڭجېنى ۋە پرىنسىپلىرى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلماقتا ھەم ئۈنۈمى كۆرۈلمەكتە؛ كەڭ ئامما ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، كارخانىنى ياخشى باشقۇرۇش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىنى ياراتتى؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش يۈزىسىدىن، ئىسلاھاتنىڭ تەرەققىياتىغا

ئاساسەن يەنە بىر قاتار يېڭى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بىز ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېننى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنى، ئۆزگەرتىشنى، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى ۋە باشقۇرۇشنى پۇختىلىق بىلەن تۇتىدىغان بولساقلا، دۆلەت ئىگىلىكى چوقۇم بارغانسېرى ياخشىلىنىپ بارىدۇ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك رولى چوقۇم كۈنسايىن كۈچىيىپ بارىدۇ، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ۋە پارلاقلىقىنى كۈنسايىن نامايان قىلىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت
خۇدابەردى خېلىل

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈنۈۋاتقان بىرقانچە مەسىلە ھەققىدە مۇلاھىزە

شياۋ يۈي

دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر مەركىزى، جۇڭگو ماركسىزملىق پەلسەپە تارىخى ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار تەشەببۇس قىلغان ”جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش“ بويىچە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى يېقىندا چېڭدۇ شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ئالىملار پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش جەھەتتىكى بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزدى. تۆۋەندە يىغىندا مۇلاھىزىگە قويۇلغان ئالاقىدار كۆزقاراشلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى ۋە مەدەنىيەت بىلەن ئىدېئولوگىيىنىڭ مۇناسىۋىتى

كىشىلەر مەدەنىيەتكە خىلمۇخىل تەبىر بېرىدۇ، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت ۋە تار مەنىدىكى مەدەنىيەت دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت دېگىنىمىزدە ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرى جۈملىدىن ماددىي دۇنيا، تۇرمۇش ۋە كۆزقاراش ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىقتىساد، سىياسەت، ئىدىيىۋى ئاڭ قاتارلىق قاتلام ۋە فورماتسىيىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تار مەنىدىكى مەدەنىيەت بولسا ئادەملەر ياراتقان بارلىق مەنىۋى خاراكتېر ئالغان ئىدېئولوگىيە نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى. كىشىلەر ئادەتتە ئېيتىپ يۈرىدىغان مەدەنىيەت دەل مۇشۇ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى مەدەنىيەت بولۇپ، كىشىلەر بۇ خىل مەدەنىيەتنى ئىقتىساد، سىياسەت قاتارلىق ئۇقۇملار بىلەن بىللە ئىشلىتىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ھەم ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان ئۈچ قىسمنى يىغىنچاقلايدۇ. بۇ يەردە بۇ ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىگە قانداق قاراش مەسىلىسى بار. يولداش ماۋ زېدۇڭ «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە: ”مۇئەييەن مەدەنىيەت (ئىدېئولوگىيە ھېسابلىنىدىغان مەدەنىيەت) مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىتى ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئىنكاسى، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇئەييەن

جەمئيەتنىڭ سىياسىتىگە ۋە ئىقتىسادىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە تۈرتكە بولىدۇ؛ ھالبۇكى، ئىقتىساد— بازىس، سىياسەت بولسا ئىقتىسادنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى" دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ھۆكۈم ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن. بۇ ھۆكۈمدە بىر تەرەپتىن مەدەنىيەتنىڭ جەمئىيەتتىكى مۇھىم رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىقتىسادنىڭ بازىسلىق رولى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان، مەدەنىيەت ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئەڭ تۆپكى، ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان نەرسە دەپ قارالمىغان، شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئورنى توغرىلانغان. مەدەنىيەت مەسىلىسىدە ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراش بىلەن قارىمۇقارشى بولغىنى مەدەنىيەت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ نەزەرىيىسىدۇر. مەدەنىيەت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ نەزەرىيىسى مۇنداق دەپ قارايدۇ: مەدەنىيەت زامان-ماكاندىن، بەلگىلىك تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىشىدىن ھالقىغان، ئۆز-ئۆزىنى قامدايدىغان، ئۆز-ئۆزىنى بەلگىلەيدىغان بىر خىل جەريان بولۇپ، كىشىلەر پەقەت مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە ئاساسلىنىپلا، مەدەنىيەتنى چۈشەندۈرەلەيدۇ؛ ئىجتىمائىي ھاياتتا، مەدەنىيەت يادرو ۋە جەۋھەردۇر، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي فورماتسىيىسىنى ۋە ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات يولىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئامىل ۋە ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەدەنىيەت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ نەزەرىيىسى بىر خىل ئىدېئالىستىك تارىخ قاراش بولۇپ، ئۇنىڭ خاتالىقى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى مۇھىم ئامىللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنلىكىدە، ئىدىيە-مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي سەۋەبىنى شۇنىڭدەك مەدەنىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە بولۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ تارىخىي شارائىتىنى ئېچىپ بېرەلمىگەنلىكىدىدۇر.

بەلگىلىك مەدەنىيەتنىڭ تۈپ خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت بەلگىلىك تارىخىي شارائىتتىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھۋالنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە تارىخنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن مۇقەررەر ھالدا دەۋر خاراكتېرىگە، تارىخىيلىققا ۋە باسقۇچ خاراكتېرىگە، سىنىپىي جەمئىيەتتە بولسا يەنە سىنىپىيلىققا ئىگە بولىدۇ. بەلگىلىك جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران ئىدىيە كۆپ ھاللاردا ھۆكۈمران ئورۇندىكى سىنىپنىڭ ئىدىيىسى بولىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ خىل ئىدىيە سىياسەتنى ۋاسىتىچى قىلىپ ئىقتىسادنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ ئىدىيە بەلگىلىك جەمئىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇ مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ يادرو قىسمى، شۇنداقلا مۇئەييەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت فورماتسىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسىي بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن گەرچە مەدەنىيەت يەرلىك خۇسۇسىيەتكە، ماكان جەھەتتىن چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ ئۇنى زامان ۋە ماكان بىلەن قوشۇپ ئاتاشقا بولىسمۇ، مەسىلەن، ئادەتتە ئېيتىلىدىغان

”قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى“ ۋە ”هازىرقى زامان مەدەنىيىتى“، ”شەرق مەدەنىيىتى“ ۋە ”غەرب مەدەنىيىتى“ دېگەندەك، لېكىن بۇنداق ئاتاش مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ ماهىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. مەسىلەن ”جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى“ دېگەندە، ۋاقىت جەھەتتىن ئالغاندا ئاساسەن 4-ماي ھەرىكىتىدىن بۇرۇنقى مەدەنىيەتنى كۆرسەتسە، خاراكتېر جەھەتتىن ئالغاندا جەۋھەر بىلەن شاكال ئارىلىشىپ كەتكەن جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدىكى مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق خاراكتېرنى ئەينى چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بەلگىلىگەن.

ئومۇمىي مەدەنىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەركىبىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش كېرەك. مەدەنىيەتنىڭ نۇرغۇن تەركىبلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرىدۇ، مەسىلەن، تەبىئىي پەن، تېخنىكا پەنلىرى ۋە باشقۇرۇش پەنلىرىنىڭ مەلۇم قىسىملىرى ئىدېئولو-گىيە خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس. ئومۇمىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئۆرپ-ئادەت ھەتتا روھىي تەسىرات قاتارلىقلارمۇ ئىنتايىن روشەن ئىدېئولوگىيە خاراكتېرىگە ئىگە ئەمەس. بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلمىغاندا، نەزەرىيە جەھەتتىن پۈت تىرەپ تۇرغىلى بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى توغرا قانات يايدۇرۇشقا پايدىسىز.

مەدەنىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيىگە پۈتۈنلەي باراۋەر ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىق مەدەنىيەت بىلەن ئىدېئولوگىيە پۈتۈنلەي ئايرىم، قىلچە مۇناسىۋىتى يوق نەرسىلەر دېگەنلىك ئەمەس. جەمئىيەت ھەرقاچان بەلگىلىك ئىقتىسادىي، سىياسىي مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىيەتتۇر. بۇ خىل ئىقتىسادىي، سىياسىي مۇناسىۋەتنى بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىدېئولوگىيە (پەلسەپە، ئىقتىسادشۇناسلىق، سىياسىي ۋە قانۇن ئىدىيىلىرى، ئېتىكا، دىن قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ مەدەنىيەتنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىلىشى مۇمكىن ئەمەس. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ بەلگىلىك مەدەنىيەت فورمىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان يادرو ۋە ئاساسىي بەلگە، مەسىلەن، بۇرژۇئازىيىگە ياكى پرولېتارىياتقا خاس تەبىئىي پەن بار دېسەك بولمايدۇ، ئەمما بۇرژۇئازىيە-گە خاس مەدەنىيەتنىڭ ۋە پرولېتارىياتقا خاس مەدەنىيەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. ئىدېئولوگىيە دەل مۇشۇ پەرقنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتتە روشەن سىنىپىيلىققا ئىگە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئىدېئولوگىيە بىلەن باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ئۇلار بىر-بىرىگە تۈرتكە بولىدۇ، بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، تەبىئىي پەننىڭ ئۆزىدە سىنىپىيلىق مەۋجۇت ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيىتى بار، ئەمما مۇئەييەن ئىقتىسادىي، سىياسىي شارائىت ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتىمۇ جەزمەن تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەنە مەسىلەن، بەزى نەزەرىيىچىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: ”ئاممىۋى مەدەنىيەتتە تەنقىد مەۋجۇت ئەمەس، كارا OK ناخشىسى ئېيتقۇچى ھەرگىز بىرەر نەرسىنى ئۆزگەرتىشنى ئويلىمايدۇ، ئەمما

بۇنداق پوزىتسىيە ئەكسىچە بەزى نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، مانا بۇ ئورتودوكساللىق تۈزۈلمىگە، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشكەن مەركىزىي تۈزۈلمىگە بولغان ئۇنۇملۇك چىرىتىش ۋە پارچىلاشتۇر". بۇ "چىرىتىش" ۋە "پارچىلاش"لارنىڭ كەينىدە سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە بىلەن قارىمۇقارشى بولغان يەنە بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ساقلانغان بولۇپ، بۇ خىل ئىدېئولوگىيە تېخىمۇ يوشۇرۇنراق بولغان خالاس. يەنە ئالايلۇق، بىز بەلگىلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلالمايمىز، لېكىن ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي، سىياسىي شارائىتتا كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن نېمىنى تاللىۋېلىپ، نېمىنى تاشلىۋېتىشى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر يەنە يېڭى ئىقتىسادىي، سىياسىي ئەھۋالغا ئاساسەن يېڭى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى يارىتىدۇ، ئەنئەنىدىكى بىر قىسىم ئامىللارنى تاۋلاپ، ئۇلارنى رېئاللىقنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. ھەتتا نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى جاھاندارچىلىق يولىدىكى بارلىق ھېكمەتلەردە قايتا-قايتا تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن، ئەقەللىي ئاممىۋى تۇرمۇش قائىدىسى تۈركۈمىدىكى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان سىنىپتىكى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى شۇنىڭدەك بۇ ئۆلچەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان سىنىپنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىدا جارى قىلدۇرىدىغان رولىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ.

قىسقىسى، مەدەنىيەت بىلەن ئىدېئولوگىيە زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ خىل مۇناسىۋەتنى ئىنكار قىلىدىغان بولساق، بىزدە بولۇشقا تېگىشلىك سەگەكلىك ۋە ھوشيارلىقنى يوقىتىپ قويىمىز. ھېتتىندۇن "مەدەنىيەت توقۇنۇشى نەزەرىيىسى"نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن يەر شارىدىكى "توقۇنۇشلارنىڭ مەنبەسى ئاساسلىقى ئىدېئولوگىيە ياكى ئىقتىساد بولماستىن، بەلكى مەدەنىيەتتۇر" دەپ قاراپ، مەدەنىيەت توقۇنۇشى بىلەن ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشىنى پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىپ، نۆۋەتتە غەرب كاپىتالىستىك ئەللىرىنىڭ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت توقۇنۇشى ئارقىلىق ماھىيەتتە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى سىڭىپ كىرىشنى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت توقۇنۇشىنى ياپماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى. مەملىكىتىمىز ئىچىدىمۇ ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر، رېئال مەسىلە ئۈستىدە بىرنېمە دېيىش تەس، بۇ ھەقتە مەدەنىيەت ئارقىلىق بىرنېمە دېسەك بولار، دەپ قارىماقتا ياكى تەھلىل قىلىپ كۆرمەيلا، مەدەنىيەت دېگەن مەدەنىيەت، ئۇنىڭ ئىدېئولوگىيە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، دەپ ھېسابلىماقتا. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى بىزدىن مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىدېئولوگىيىنىڭ زىددىيەت، توقۇنۇش ۋە كۆرەشلىرىگە توغرا قاراپ، كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىزنى ۋە تېگىشلىك ھوشيارلىقىمىزنى ساقلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 2. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى

شەك-شۈبھىسىزكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا،

ئېنىق پوزىتسىيە بىلەن ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «قارار»دا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، كۆرەش نىشانى، ئاساسىي مەزمۇنى، كونكرېت يولى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرگە سىستېمىلىق، ئەتراپلىق، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا جاۋاب بېرىلگەن، ئۇ بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىدىيە-ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت. «قارار»دا ماركسىزم بىلەن ماركسىزمغا قارشى تەلىمات قاتارلىق چوڭ پرىنسىپال مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا توغرا سىياسىي يۆنىلىش ۋە سىياسىي مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خاتا ئىدىيىۋى خاھىشلارنىڭ كاشىلىسىنى ۋاقتىدا تازىلاپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىزگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇلۇشى ئەسىر ئالمىشىۋاتقان پەيتتە تۇرغان كىشىلەرنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى، بۇ ئەمەلىيەتتە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كەلگۈسى يۈزلىنىشىگىمۇ كۆڭۈل بۆلگەنلىك. بىزنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتىمىز نۇرغۇن مۇھىم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، نەزەرىيە جەھەتتە چوڭقۇرلاشتى، نەزەر دائىرە جەھەتتە كېڭەيدى، تەتقىق قىلىش دائىرىسىمۇ كېڭەيدى، غەرب مەدەنىيىتىدىكى مۇۋاپىق ئاملىلارنى قوبۇل قىلىش، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزدىكى ئېسىل مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قېزىش، ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇش بىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنى تېخىمۇ مول بايلىق مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتتى. مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراش ۋە ئېقىملارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىپ بولغىلى بولمايدۇ، بۇ ھەم نورمال ئىش. بىز ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلىم مەسىلىسى بىلەن سىياسىي مەسىلىنى پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئوخشاش بولمىغان ئىلىم قارىشىدىكىلەر ئۆزئارا ئەستايىدىل پىكىر ئالماشتۇرۇشى ۋە بىر-بىرىدىن مەسلىھەت ئېلىشى، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكىنى تولۇقلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى تېخىمۇ ياخشى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. سىياسىي يۆنىلىشكە ۋە چوڭ-چوڭ پرىنسىپقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ئېنىق پوزىتسىيە تۇتۇش، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىش لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بېرى مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا ”ئاساسىي ئېقىمدىكى مەدەنىيەت ئىدېئولوگىيىسىنى تۈگىتىش“، ”ئىنقىلاب بىلەن خوشلىشىش“، ”ئالىيجانابلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش“ دېگەندەك كۆزقاراشلار پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ كۆزقاراشلار تەلەپچانلىق بىلەن ئېيتقاندا، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە بولماستىن، بەلكى ئىنتايىن

زور سىياسىي تۈس ئالغان قاتتىق گەپ. گەرچە بۇ خىل كۆزقاراشتا چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئۇنى تارقىتىدىغان كىشلەر ئىنتايىن ئاز ساندا بولسىمۇ، ئەمما بۇ كۆزقاراشلارنىڭ ئاشكارا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خاتا يېتەكچىلىككە سەل قاراشقا بولمايدۇ، بىز سىياسىي جەھەتتىكى بولۇشقا تېگىشلىك هوشيارلىقىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

مەدەنىيەت تەتقىقاتىدا كىشلەر دائىم «ماركسىزم سىرتتىن كەلگەن بىر خىل مەدەنىيەت بولغانلىقتىن، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلالامدۇ-يوق»، «ماركسىزمنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» دېگەنگە ئوخشاش گۇمان ياكى ئەيىبلەشلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ خىل گۇمان ۋە ئەيىبلەشلەر ماركسىزم جۇڭگوغا تارقالغان دەسلەپكى چاغلاردىلا بار ئىدى، 70-80 يىلدىن بېرى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ئەمەلىيەتتە، ماركسىزم ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭگونىڭ سىياسىتىگە، ئىقتىسادىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا بىردەممۇ كەم بولسا بولمايدىغان يېتەكچى ئىدىيىگە ئايلىنىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئىلمىي، چۈنكى ئۇ جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن. جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىدە سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ماركسىزمنىڭ سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى تەلىماتى جۇڭگوغا مۇۋاپىق كەلدى، ھەرگىزمۇ ماركسىزم جۇڭگودا سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەشنى پەيدا قىلغان ئەمەس. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماركسىزم جۇڭگوغا تارقالغاندىن بۇيان، جۇڭگو مەدەنىيىتى ھېچقاچان ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق، يېڭى دېموكراتىك مەدەنىيەتتىن سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتكىچە، تاكى بۈگۈنكى كۈندىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىنغىچە—بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتىدۇر. بىز مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، داۋاملىق ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، جۇملىدىن تۈرلۈك مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراش بىلەن كۆزىتىشتە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراش ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەرىكىتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى، مەدەنىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنى ۋە رولىنى شۇنداقلا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى تارىخىي سەۋەبىنى ئېچىپ بەردى، ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى، ھەرىكەت ئۇسۇلىنى تەھلىل قىلدى، بۇلار بىزنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقات ئىشلىرىمىز ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنى ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىن ئېتىپ، جۇڭگو مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشىنى كۆرسەتتى ۋە بەلگىلىدى، ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراش مۇھىم، بىۋاسىتە مېتودولوگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، لېكىن بۇ، ماركسىزم بىزنى بارلىق تەييار مەدەنىيەت نەتىجىلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مەنبەلىرىنى داۋاملىق قېزىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھاجەتسىز، دېگەنلىك ئەمەس. ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگونىڭ تارىخى ۋە ئەمەلىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، ئەنئەنىۋى

مەدەنىيەتتىكى ئېسىل مەنبەلەرنى داۋاملىق قېزىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، چەت ئەل مەدەنىيىتىدىكى مۇۋاپىق ئامىللارنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىش ماركسىزمنىڭ ئىدىيە خەزىنىسىنى بېيىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.

## 3. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي رامكىسى

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئىنكاسى، ئۇنىڭ رېئال ئاساسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئۇلۇغ ئەمەلىيەت بولۇپ، ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بۇ ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ مەدەنىيەت ئىچكى قىسمىدا ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇنىڭ بىرىنچىسى سوتسىيالىزم، ئىككىنچىسى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك. ئالدىنقىسى ئورتاقلىق بولۇپ، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ، كېيىنكىسى خاسلىق، ئۇ ئەلۋەتتە جۇڭگونىڭ مىللىي ئۇسلۇبى ۋە ئالاھىدىلىكى بولۇپ ئەكس ئېتىشى كېرەك، لېكىن ئاساسلىقى جۇڭگو تۇپرىقىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، دۆلەتنىڭ ئەھۋالىغا، رېئاللىقىنىڭ ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقان بولۇشى كېرەكلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇنى ئۆلۈك هالدا چوقۇم باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلەندۈرۈش شەرت ئەمەس. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ مەدەنىيەت ئىلمىي، مىللىي، ئاممىۋى، زامانىۋى بولۇشى كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى ئۇنىڭ رولىغا ئاساسەن مۇنداق ئۈچ ئاساسىي قاتلامغا بۆلۈشكە بولىدۇ، سىرتقى قاتلىمى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پسىخىكىلىق رولىدۇر، ئوتتۇرا قاتلىمى ئىجتىمائىي تارىخ-مەدەنىيەت رولىدۇر، چوڭقۇر قاتلىمى ئىجتىمائىي سىياسىي رولىدۇر. ئىدېئولوگىيىنىڭ بىرمۇنچە شەكىللىرى، مەسىلەن، پەلسەپە، ئەخلاق، سىياسىي ۋە قانۇن ئىدىيىلىرى قاتارلىقلار بەلگىلىك سىياسىي مۇناسىۋەتنى ۋاستە قىلىپ، مەلۇم ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدە يېتەكچىلىك ۋە يادرولۇق ئورۇن تۇتىدۇ. باشقا تۈرلۈك ئاڭ شەكىللىرى، ئاڭ مەزمۇنى ۋە ئىجتىمائىي پسىخىكا مۇشۇ يادرونى چۆرىدىگەن هالدا قانات يېيىپ، بىر ئۇنىۋېرسال، كۆپ قاتلاملىق گەۋدىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ هال بىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىدېئولوگىيىنىڭ ئورنى ۋە رولىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن بۇ باشقا غەيرىي ئىدېئولوگىيە ئامىللىرىنىڭ ئورنى ۋە رولىغا سەل قاراشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بىر پۈتۈن سىستېما، ئۇ غەيرىي ئىدېئولوگىيە ئامىللىرىنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مول مەزمۇنلۇق رېئال تۇرمۇشنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆپ تەرەپلىك مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئىدېئولوگىيىنىڭ رولىنى ئاساس قىلغان سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي

رولنى ئېخمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ روللارنى كونكرېت تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنى، تەرەققىياتنى ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش؛ پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئورتاق غايىسى ۋە ئېتىقادىنى يېتىلدۈرۈش؛ پارلاق پۇقرالارنىڭ ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي، مەدەنىي ساپاسى ۋە پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۇرۇپ، ساغلام، تەرتىپلىك ئىقتىسادىي قائىدە ۋە تۇرمۇش قائىدىسىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلام مەنىۋى ئېھتىياجىنى، ئېستېتىك بەھرىمەنلىكىنى قاندۇرۇش ۋە بېيىتىش؛ ئىجتىمائىي پىسخىكىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، تەڭشەش، قائىدىگە چۈشۈرۈش ۋە باشقىلار.

## 4. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بىلەن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى

جۇڭگچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى ئاساسىدا ئورۇن تاپقان. مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ئۇستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەندە، بۇ مەۋقەنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەلگىلىك تارىخىي دەۋردە، مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي تېمىسىنى رېئاللىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە بەلگىلەيدۇ؛ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئەمەلىيەتنىڭ ئىلگىرىلىتىشىدە. مەدەنىيەتنىڭ داۋاملىشىشمۇ، ئاساسلىقى، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق بولىدۇ. ئەمەلىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، مۇشۇ مەۋقەنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىلا، ئاندىن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلغىلى، جۇڭگونىڭ كەلگۈسى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ قايتا گۈللىنىشى دەپ قاراپ، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى يادرولۇق مەزمۇن قىلىپ قايتىدىن يېڭى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ياكى غەربنىڭ ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا پەيدا بولغان مەسىلىلەرنى جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىدىكى مەسىلە دەپ ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جۇڭگو مەدەنىيىتىنى "كۆك رەڭ" مەدەنىيىتى بويىچە بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا، دەۋر ۋە جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىگە ئاساسەن، نۆۋەتتە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئەڭ جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئەڭ يېتەرسىز مەدەنىيەت ئامىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، قوبۇل قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش زۆرۈر بولغان ھەم شۇنداق قىلغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋە چەت ئەل مەدەنىيىتىگە قارىتا توغرا تاللىۋېلىش ۋە شاللىۋېتىش ئۆلچىمىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى ئاساسىدا ئورۇن تاپقان ھازىرقى زامان جۇڭگو

مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، ئۇ دەۋرىمىز جەۋھەرلىرىنى ئۆلگىش ۋە بىرىكتۈرۈش بىلەنلا قالماي، يەنە جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرىدۇ، چەت ئەللەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويماسلىقىمىز، ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى «پرولېتارىيات مەدەنىيەتچىلىرى»دەك يوق يەردىن «يېڭى مەدەنىيەت» يارىتىشقا ئۇرۇنماسلىقىمىز كېرەك، ئەمما رېئاللىقنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، بۇنىڭدىن مۇقەررەر، ھالدا شۇنداق يەكۈن كېلىپ چىقىدۇكى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پەقەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىدىنلا ئىبارەت، رېئال جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىلا مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەنبەسى. جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراقتىن ئايرىلغاندا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ «يىلتىزى» ۋە «ئانا تەنچىسى»نىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى قىيىن بولۇپ قالىدۇ، ئاخىرىدا ئۇزۇۇقلۇق ۋە سۇ يېتىشمەي قۇرۇپ، يىگىلەپ كېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇرەككەپ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىدە ئۆزىنى ئاساس قىلىش، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل مەنبەسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل نەتىجىلىرىنى ئۆگىنىش، ئۆرنەك قىلىشتىن مەقسەت جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، ئۇنى بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتۇر. بۇ پرىنسىپ مەدەنىيەت مۇتەئەسسىپلىكى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدۇ: ئالدىنقىسى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئىشكنى ئېچىۋېتىش تەرەپدارى، كېيىنكىسى تار، بېكىنمىچىلىك تەرەپدارى؛ ئالدىنقىسى يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش تەرەپدارى، كېيىنكىسى كونىلىققا قايتىش تەرەپدارىدۇر.

جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدىكى ئورنى ۋە قىممىتىنى تەكشۈرۈشتە، ئۇنىڭ تۈپ خاراكتېرىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىش كېرەك. ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭدىكى مۇۋاپىق ئامىللارنى تېخىمۇ ياخشى قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ. تارىخىي تەرەققىياتتىن قارىغاندا، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ھالىتىدىكى ناتۇرال ئىگىلىكنى ئاساس، قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ۋاستە قىلىپ، پادىشاھلىق مۇستەبىتلىك سىياسەتكە يارىشا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان، ئۇنىڭدا فېئوداللىق شاكالمۇ، دېموكراتىك جەۋھەرمۇ بار، لېكىن ئۇنىڭ ئومۇمىي قىسمىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن پايدىسىز. 4-ماي يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى جاكارلىدى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. 4-ماي يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ

"يوقىلىش" ۋە "ئۈزۈلۈپ قېلىش"نى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەيدىغان قاراشقا، ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى نەرسىلەرلا ھەققىي نەرسىلەردۇر؛ يېقىنقى دەۋردىن بۇيانقى، بولۇپمۇ "4-ماي ھەرىكىتى"دىن بۇيانقى جۇڭگو مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى مېۋىلىرى جۈملىدىن ماركسىزمنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ھەممىسى سىرتتىن كەلگەن نەرسىلەر، بۇلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن زادىلا سىغىشالمايدۇ، دەيدىغان بىر ئالدىنقى شەرت يوشۇرۇنغان. بىر قىسىم ئالىملار ئەمەلىيەتتە "قەدىمكى زامان جۇڭگو مەدەنىيىتى"نى "جۇڭگو مەدەنىيىتى" بىلەن مەنىداش سۆز دەپ قارايدۇ، ھەتتا پەقەت كۇڭزى تەلىماتىلا جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى تەرەققىياتىنىڭ مەڭگۈ يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قاراپ، مىللىي ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇشنى كۇڭزىچىلىق ئېقىمىنىڭ ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئاپىرىپ يىغىنچاقلايدۇ. بۇ بىر خىل تار مىللىي مەدەنىيەت قارىشى بولۇپ، بۇ قاراش نەزەرىيە جەھەتتىن مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلۇقلۇقى ۋە دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپلا قالماي، جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تەرەققىياتى جەريانىدا تۈرلۈك مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ ئۆزئارا ئالماشقان تارىخىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، يېقىنقى زاماندىن بۇيان ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئالاقىدە بولغان ۋە بىر-بىرىدىن ئۆرنەك ئالغان رېئاللىققا تېخىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

شۇنى تەكىتلەپ كۆرسىتىش كېرەككى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشتا، يېقىنقى زاماندىن بېرى شەكىللەنگەن ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەنئەنىسى ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدىكى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى تەنقىدىي رەۋىشتە قوبۇل قىلىش ۋە ئۆرنەك قىلىش ئاساسىدا شەكىللەنگەن. مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئۇ بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ كەڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى، شۇنداقلا بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىمىزنىڭ مۇھىم باشلىنىش نۇقتىسى. بۇ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىققا سەل قاراش مىللىي ئىنكارچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ مەدەنىيەت مۇتەئەسسىپلىكىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە قايتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئەمەلىيەتتە، يېقىنقى زاماندىن بېرى جۇڭگو جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە ئېتىبارسىز قاراپ، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ئەنئەنىسىنى جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن چىقىرىپ تاشلىغانلىق.

## 5. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى

نۆۋەتتە، بىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش

ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي شارائىتقا دۇچ كەلدى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭىنى، رىقابەت ئېڭىنى، ئۈنۈم ئېڭىنى، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق ئېڭىنى ۋە يول ئېچىش-يېڭىلىق يارىتىش روھىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تەمىن ئەتتى، لېكىن مەدەنىيەتنىڭ ئۆزى نىسپىي مۇستەقىل قىممەت ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە، بازارنىڭ ئۆزىدىمۇ يەنە بەزى ئاجىزلىق ۋە پاسسىپ تەرەپلەر بولۇپ، بازارنىڭ ستىخىيىلىكلىكى ۋە پايدا قوغلىشىش ئالاھىدىلىكى ھەمىشە ئۇنى مەدەنىيەتنىڭ ئومۇمىي رولىغا سەل قاراشقا ئېلىپ بارىدۇ ھەتتا پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا بازار مېخانىزمىنىڭ پائال رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئەمما بازارنىڭ ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىگىمۇ ھۆرمەت قىلىش كېرەك. مەدەنىيەتنى پۈتۈنلەي بازار ئىگىلىكىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە يۆنىلىشى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرغاندا، مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتى يوقىلىپ، مەدەنىيەتنىڭ چېكىنىپ كېتىشى ۋە غەيرىي نورمال تەرەققىي قىلىشى كېلىپ چىقىدۇ. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار»ىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى "سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈمى ۋە سىياسىي تۈزۈمى بىلەنلا ئەمەس، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەنمۇ بىرلىشىپ كەتكەن" دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، شەكسىزكى، بىزنىڭ بازار ئىگىلىكى بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشىمىزغا، مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى توغرا تونۇشىمىزغا ھەمدە مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى ۋە مەزمۇنىغا ئاساسەن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇناسىپ سىياسەتلەرنى قوللىنىشىمىزغا پايدىلىق. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرغان شۇنداقلا دەۋر روھىنىمۇ تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن، دۆلىتىمىزنى ئاساس قىلغان شۇنداقلا دۇنياغىمۇ يۈزلەنگەن سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيەتنىڭ يېپيېڭى قىياپەت بىلەن كىشىلەر-نىڭ ئالدىدا نامايان بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

**(ئاپتور: دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر تەرەققىياتى تەتقىقات مەركىزىدىن)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلجان تۇرسۇن**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەتجان ھوشۇر**

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 03>

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V　刊号:ISSN1006－5857 / CN11－2498/D

邮发代号:2－373　定价:1.80元　邮政编码 100013